2025 مارت
ئومۇمىي 67-سان



ئۇيغۇرلار
The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر

1

ئۇيغۇرلار خىتايغا قايتۇرۇلدى

43

قەدىر كېچىسى قاچان

54

ئومۇمىي 67 -سان

2025 مارت

ئۇيغۇرلار

ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئازادئاي غەيرەت

چىقارغۇچى ئورۇن :

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.

6 009800 461091 >

مۇندەرىجە

مىسلىسىز ئويغىنىش

سۇھاس سۇبرامانىيام 52

ترامپ ئامېرىكا ئاۋازى قاتارلىق ئورگانلاردىن خادىم قىسقارتىش بۇيرۇقىنى ئىمزالىدى 11

ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

گۈلىستان

بىرىنچى دەرس 34

خەلقئارا ۋەزىيەت

ئامېرىكادا خاماسنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان تۈرك ئوقۇغۇچى

ئۇيغۇرلاردا ئىسلام

رامىزاندىكى قەدىر كېچىسى قاچان؟

مۇقاۋىدىكى رەسىملەردە جازا لاگېرى قۇربانى، ئوپاللىق ئەخمەتجان مەمتىمىن، 20 ياش

خىتاي تەتقىقاتى

تايلاند بىر تۈركۈم ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇۋەتتى

ئۇيغۇر تەتقىقاتى

ۋەلىباي يولداشېۋ 16

ئامېرىكا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تايلاند ئەمەلدارلىرىغا ۋىزا جازاسى يۈرگۈزدى 29

كۆڭۈل ۋە تەن

بىر ئۇيغۇرنىڭ دۇئاسى 48

تارىخ ۋە بىز

جەسۇر ئۇيغۇر ئوغلانى ئابدۇراخمان مۇھتى 62

ئىستراتېگىيە

THE GREAT COURSES®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

Strategic Thinking Skills

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University

پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي

17 ـ لېكسىيە: ھەمكارلىق تەدرىجىي تەرەققىياتى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

بىز دائىملا ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇر بىلەن ئىستراتېگىيەنى توقۇنۇش بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈۋالىمىز. ھالبۇكى، ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇرمۇ ئوخشاشلا ھەمكارلىقنى ئاساس قىلغان تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىمىزغا ياردەمچى بولىدۇ. تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلانغىنى شۇكى، كىشىلەر ئۆز مەنپەئەتلىرىنىڭ پېشىدىن يۈگۈرگەن تەقدىردىمۇ، تەرتىپ يەنىلا قالايمىقانچىلىق ئىچىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

1914 ـ يىلىدىكى روژېستۋا: توساتتىن يۈز بەرگەن ئۇرۇش توختىتىش

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بىزگە بىر ـ بىرىنى قىرىۋاتقان خىرىستىيانلارنى نامايان قىلدى. بىر تەرەپتە بېرىتانىيە، فرانسىيە ۋە رۇسىيە، يەنە بىر تەرەپتە گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە بىر ـ بىرىنى قىر ـ چاپ قىلىشتى. جەڭ جەريانىدىكى تۇنجى روژېستۋا كۈنى، ھەر ئىككى سەپتىكى ئەسكەرلەر ئۇرۇشنى توختىتىپ، دۈشمەنلىرى بىلەن بىرلىكتە روژىستىۋا ھارپىسىنى تەبرىكلەشتى.

گېرمان ئەسكەرلىرى ئاكوپلىرىنىڭ قىرىغا روژېستۋا دەرىخى قويۇپ قويۇشى بىلەن، بىردىنلا ئۇرۇش ۋاقىتلىق توختىدى. روژېستۋا دەرەخلىرىدە كىچىك چىراقلار جۇلالىنىشى بىلەن، جەڭ سېپىدىكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى بىر ـ بىرىگە سالام قىلىشىپ، تەبرىك ياغدۇرۇشتى. شەپەق ۋاقتى بىلەن، ئەسكەرلەر ئاكوپلىرىدىن تۇنجى رەت چىقىشتى. قارىماققا ئۆلار جەڭ مەيدانلىرىدا ياتقان ئۆلۈكلىرىنى كۆمۈش ئۈچۈن ئاكوپلىرىدىن چىققان ئىدى. تېزلا ئۇرۇش توختاپ، (بىر ـ بىرىگە قارشى ئۇرۇشۇۋاتقان) ئىنگلىز ئەسكەرلىرى بىلەن گېرمان ئەسكەرلىرى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۆزئارا قوشۇلۇشتى.

گەرچە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك گېنىراللىرى ئىككى دۆلەت ئەسكەرلىرى ئارىسىدىكى دۈشمەنلىكنى ساقلاپ قېلىشقا شۇنچە كۆچىگەن بولسىمۇ، ئەكسىچە، ئىككى دۆلەت ئارمىيىسى

روژىستىۋا بايرىمى كۈنى ئۇرۇشنى پۈتۈنلەي توختاتتى. ھەتتا بەزى سەپلەردە، ئۇرۇشنىڭ توختىشى روژىستىۋا بايرىمىدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈنلەردىمۇ داۋاملاشتى.

شۇ زاماندىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئاكوپ ئۇرۇشىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى شۇكى — كىچىك ئۇرۇش بىرلىكلىرىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت قارىمۇقارشى ئۇرۇشۇشى ئۇلارنى يۇقىرىقىدەك ئالاقە ۋە ھەمكارلىق ھالىتىگە كەلتۈرگەن ئىدى.

ھەمكارلىق نەزەرىيىسى

روبېرت ئاكسلورد (Robert Axelrod) «ھەمكارلىق تەدرىجىي تەرەققىياتى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ، ھەمكارلىق نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا باشلامچىلىق قىلدى. روبېرت ئاكسلورد بۇ كىتابىدا ھەمكارلىقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى زۆرۈر شەرتلەرنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، شۇنداقلا قانداق قەدەملەرنى باسقان تەقدىردە بۇ شەرتلەرنىڭ ھازىرلىنىدىغانلىقى ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن. ئاكسلورد پەقەت بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئاكوپ ئۇرۇشى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپلا قالماي، ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىمۇ تەتقىق قىلغان.

ئاكسلوردنىڭ كۆرۈپ يەتكىنى شۇ بولدىكى، ئۆز تەرەپتارلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئولتۇرۇپ-قوپىدىغان، باشقا كېڭەش پالاتا ئەزالىرى بىلەن قارشىلىشىدىغان پالاتا ئەزالىرىنىڭ مەنپەئەتىگە قارىماي، بۇ قانۇن بەلگۈلىگۈچىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلىشىشى ئۈچۈن بەك كۆپ پۇرسەتلەرنىڭ بارلىقىنى كۆردى.

جۇمھۇرىيەت پارتىيىسى كېڭەش پالاتا ئەزاسى ئورىن ھاچ (Orrin Hatch) بىلەن ئېدۋار كېنىدىي (Edward Kennedy) ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇ پرىنسىپنى ئەڭ ياخشى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ ئىككى كېڭەش پالاتا ئەزاسى بىر-بىرىگە قارشى پارتىيەگە ئەزا بولۇشىغا، شۇنداقلا ئىدىئولوگىيىسىنىڭ قارىمۇ قارشى بولۇشىغا قارىماي، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش يولىنى تېپىپ چىقتى ۋە ئۆزئارا مەنپەئەتنى روياپقا چىقاردى.

مەھبۇسنىڭ باش قېتىنچىلىقى

ھەمكارلىشىش پىكرى دائىملا بەزى خەتەرگە ئىگە. ھەمكارلىق جەريانىدا قارشى تەرەپ ھەمكارلىقتىن يالتىيىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ پايدا خەتەرنى يوللۇقا چىقىرامدۇ؟ بۇ مۇرەككەپ مەسىلە بىزگە «مەھبۇسنىڭ باش قېتىنچىلىقى»نى ئەسلىتىدۇ.

بۇ «ئويۇن» تۈرلۈك تەسىر كۆرستىش ھەرىكىتىدىكى جانلىقلىقنى، قىسقا مۇددەتلىك شەخسىي مەنپەئەت بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەمكارلىق مەنپەئەتى ئارىسىدىكى جىددىيلىكنى كۆرۈپ يېتىدىغان بىر مودېل شەكلىدە خىزمەت قىلىدۇ.

ئاكسلورد كىتابىدا «مەھبۇسنىڭ باش قېتىنچىلىقى» نىڭ — ئوخشىمىغان ساھەدىكى ئالىملارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىستراتېگىيە ھەققىدە سۆز قىلىشىشىنى روياپقا چىقىرىدۇ، دېگەن. «مەھبۇسنىڭ باش قېتىنچىلىقى» يەنە بىزنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىمىزدە ھەمكارلىقنى روياپقا چىقىرىشىمىزنىڭ ياكى باشقىلارغا ئىشىنىشىمىزنى روياپقا چىقىرىشنىڭ نېمشقا شۇنچە قىيىنلىقىنى چۈشىنەلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولغىنىدەك، «مەھبۇسنىڭ باش قېتىنچىلىقى» دا ھەر مەھبۇسنىڭ ئىككى تاللىشى بار. ھەر بىر مەھبۇس باشقىلارنىڭ قانداق قىلىشىنى بىلمەستىن بىر تاللاشتا بولىدۇ. بۇ مىسالدا، ئەگەر ئىككىلى تەرەپ ھەمكارلىقتىن ۋاز كەچسە بىر دوللارغا ئېرىشىدۇ، ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ھالىتىنى داۋام قىلسا ئۈچ دوللارغا ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار باشقىچە بىر تاللاشتا بولسا، ھەمكارلىقتىن قول ئۈزگۈچى بەش دوللارغا ئېرىشىدۇ، ھەمكارلىشىش ھالىتىدە تۇرغۇچى ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئويۇنغا قاتناشقان يەنە بىرەيلەن نېمە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەمكارلىققا خاتىمە بېرىشتىن كېلىدىغان پايدا ھەمكارلىقتىن كېلىدىغان پايدىدىن يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر سىز ئويۇنغا قاتناشقان يەنە بىرەيلەننى ھەمكارلىشىش يولىنى تاللىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلسىڭىز، سىز چوقۇم ھەمكارلىقتىن قول ئۈزۈش يولىنى تاللىشىڭىز كېرەك بولىدۇ. ئەگەر سىز ئويۇنغا قاتناشقان يەنە بىر كىشىنى ھەمكارلىقتىن ۋاز كېچىدۇ دەپ قارىسىڭىز، سىزنىڭ ۋاز كېچىشىڭىز سىزگە يەنىلا كىرىم ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ۋەجىدىن، ھەمكارلىقتىن ئۈزاق تۇرۇش ئاساسيي ئىستراتېگىيىدۇر، ئەمما ھەمكارلىق ئۇنداق ئەمەس.

بىز ئوخشاش رەقىب بىلەن ئويۇننى بىردىن كۆپ قېتىم ئويناش ئارقىلىق بۇ باش قېتىنچىلىقىدىن قۇتۇلالايمىز. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدىكى بىزلەرگە ئاكسلوردنىڭ تەتقىقاتى شۇنداق بىر ئاددىي ئىستراتېگىيە بەخش ئېتىدۇ. ئۇ بولسمۇ «چىشىمىزنى سۇندۇرغۇچىنىڭ چىشىنى سۇندۇرۇش» ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇشىمىزدۇر. بۇ ھەر ئىككى تەرەپكە پايدا كەلتۈرىدىغان ئاددىي ئىستراتېگىيە بولۇپ، بۇ

ئىستراتېگىيەدە دەسلەپكى قەدەمدە ھەمكارلىق پوزىتسىيىسى ئاساس قىلىنىدۇ، كېيىنكى قەدەمدە قارشى تەرەپ بىزگە قانداق قىلغان بولسا، شۇ قىلغىنى بويىچە جاۋاب قايتۇرۇلىدۇ.

بۇ ئىستراتېگىيە مۇنۇ بەش شەرت ئاستىدا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم كۆرسىتىدۇ:

(1) رەقىبىمىز ھەمكارلىشىشنى تاللىغانلىقى مۇددەتتە، ھەمكارلىشىش يولىنى تۇتۇش ئارقىلىق كېرەكسىز زىددىيەتلەردىن ساقلىنىش. (2) ئورۇنسىز ھالدا ھەمكارلىقتىن چېكىنىش ھالىتى كۆرۈلسە دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇش. (3) چىشىمىزغا تېگىدىغان بىر ھەرىكەتكە دۇچ كەلگىنىمىزدە، كەچۈرۈۋېتىش يولىنى تۇتۇش. (4) قارشى تەرەپ ھەرىكەت قىلىپىنى تونۇپ يېتىشى ئۈچۈن، ھەرىكەتتە ئوچۇق-ئاشكارە بولۇش. (5) سانى ئېنىق بولمىغان ئۆزئارا تەسىرچانلىقنى كۆتۈش.

بۇ شەرتلەرنى ئورۇنداش ئارقىلىق ھەمكارلىق ئۈچۈن ئۈنۈملۈك، قوبۇل كۆرگەن نورمىلاردىن تەشكىل تاپقان بىر مۇھىتنى بارلىققا كەلتۈرەلەيسىز.

ئۆزئارا مەنپەئەت كەلتۈرىدىغان ئىستراتېگىيەنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولى باشقىلارغا زەربە بېرىشكە ئەمەس، باشقىلارنىڭ ھەمكارلىقنى قوبۇل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە باغلىق. كۆپىنچە ئەھۋالدا ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئۆزئارا ۋاز كېچىشىشتىن ياخشى. بۇ ئىستراتېگىيە مەلۇم جەھەتتە چەتئەللەردە سودا-تىجارەت قىلىشقا، بولۇپمۇ تەپسىلىي توختام بىلەن ئىش كۆرۈش يولىنى تۇتمايدىغان دۆلەتلەردە سىزگە پايدا كەلتۈرىدۇ.

ھەمكارلىقنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغاندا، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن كېڭىيىدۇ، نەتىجىدە بىز مۇۋاپىق ئىستراتېگىيە تېپىپ چىقالمايمىز. بۇ ھال بىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك پايدىغا ئېرىشىشىمىزنى ئەڭ يۇقىرى چەككە چىقىرالايدۇ.

ئەسكىرىي ھەمكارلىق

بىز بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇپ جەڭ قىلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ روزۋېستۋا بايرىمىدا قانداق ئىتتىپاقلاشقانلىقىنى كۆردۇق. بىراق دۈشمەن بىلەن ھەمكارلىشىشمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي باشلىقلارنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلىشى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. ئالاقىنىڭ راۋانسىز بولۇشىنىڭ خەتىرى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تۆلىنىدىغان بەدەل ھەمكارلاشماسلىق ئېلىپ

كېلىدىغان ئەجابىي تەرەپلەردىن چوڭ بولغاندا، ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ھەمكارلىق تۈزۈشنىڭ ئاساسى شەكىللەنگەن بولىدۇ.

بۇنىڭ تونۇشلۇق مىساللىرىدىن بىرى ۋاشىگتون بىلەن موسكۋا ئارىسىدىكى «قىززىق لىنىيە»دۇر. 1963 ـ يىلى، كۇبا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كىرىزىسى سەۋەبلىك ئامېرىكا بىلەن رۇسىيە ئارىسىدا بىۋاستە ۋە بىخەتەر خەۋەرلىشىش لىنىيەسى ئېچىلغان.

قىززىق لىنىيەدىن سىرت، ھەربىي ئورگانلار ئالاقە راۋان بولماسلىقى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان، ناچار ۋەزىيەتنىڭ كۈتۈلمىگەن شەكىلدە ئېغىرلاپ كېتىشى ياكى يادرو قوراللار جەھەتتە خاتا قەدەم بېسىش مۇمكىنچىلىكى بولغان جەھەتلەردە سەزگۈر مۇئامىلە تۇتقان. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھەر ئىككى دۆلەتكە تەھدىت بولىدىغان بەزى خەتەرلىك مەسىلىلەردە ھەمكارلىق ئورنىتىشنىڭ بىر تۈركۈم يوللىرىنى تاپقان.

ھەربىي مانېۋىرلار ۋە قورال سىنىقى قىلىش بەزىدە مۇئەييەن بىر دۆلەت تەرىپىدىن دۈشمەنلىرىگە كۈچ كۆرسىتىش، قەتئىيلىكنى ۋە تەييارلىقنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ خىل سىگنال بېرىشنىڭ سەلبىي تەرىپى شۇكى، قارشى تەرەپ بۇنى راستتىنلا ئۆزىگە قىلىنغان ھۇجۇم شەكلىدە باھا بېرىش ھالىتىگە بېرىپ قېلىشىدۇر.

ھەربىي مانېۋىرلارنىڭ بەزىدە ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان بىر ئىشغالچىلىق نىيىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىشىمۇ مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرمەكتە. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ھىيلىنى 1968 ـ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا چېخسلوۋاكىيەدە پراگ باھارى ئىسلاھاتىنى ئىشغال ئارقىلىق باستۇرۇش پەيتىدە ئىشلەتكەن.

ھەربىي مانېۋىرلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈلۈش مۇمكىنچىلىكىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشەنچ ۋە بىخەتەرلىكنى ئاساس قىلغان بىر كېلىشىم بەرپا قىلغان بولۇپ، ھەربىي مانېۋىرنى ئۆزئارا تەكشۈرۈپ، نازارەتتە بولۇشمۇ بۇ كېلىشىمنىڭ دائىرىسىدە ئىدى. دۈشمەنلەر ئارىسىدىكى بۇ ھەمكارلىق يېڭى مۇمكىنچىلىكلەرگە يول ئاچتى.

دۈشمەنلەر ئارىسىدىكى ھەيران قالارلىق ھەمكارلىقلاردىن يەنە بىرى جەنۇبىي كورىيە بىلەن شىمالىي كورىيە ئوتتۇرىسىدىكى قورالسىزلاندۇرۇلغان رايون جەھەتتىكى ھەمكارلىقتۇر. بۇ رايون ئۇزۇنلۇقى 150 مىل، كەڭلىكى 2.5 مىل بولغان زېمىن پارچىسى بولۇپ، بۇ يەر يۈزىدىكى ئەڭ يۇقىرى رەۋىشتە

قوغدىلىدىغان چېگرالاردىن بىرى. بۇ يەردە تىنىچلىق كېلىشىمى ئەمەس، ئۇرۇش توختىتىش ھالىتى مەۋجۇت.

بۇ خىل شەرتلەر ئارىسىدا ھەمكارلىق ئورنىتىش بەكمۇ قىيىن. بولۇپمۇ ئەللىكتىن ئارتۇق ئامېرىكالىق ۋە مىڭدىن ئارتۇق جەنۇبىي كورىيەلىك چېگرانى قوغداش ئۈچۈن ئۆلگەن بۇ رايوندا بۇ خىل ھەمكارلىقنى روياپقا چىقىرىش تېخىمۇ قىيىن.

شۇنداقتىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرى بىلەن قوبۇل قىلىنغان ۋە دائىمىيلەشكەن يوللار ئارقىلىق ھەمكارلىق ئورنىتىشنى پايدىلىق دەپ قارىغان. بىز ئىلگىرى بايان قىلغىنىمىزدەك، ئىككى دۆلەت ئەسكەرلىرى پانمۇنجوم رايونىدا ئورتاق بىخەتەرلىك رايونى تەسىس قىلدى.

ئۆزلىكىدىن شەكىللەنگەن تەرتىپ نەزەرىيىسى

ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنىڭ ئىككىنچى قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، تەرتىپتىن كېلىپ چىققان سىستېمىلار تەرتىپسىزلىك ۋە قالايمىقانچىلىققا مايىلدۇر. ھالبۇكى، ئۆزلىكىدىن شەكىللەنگەن تەرتىپ نەزىرىيىسى بۇنىڭ دەل ئەكسىنى داۋا قىلىدۇ. قالايمىقانچىلىق سەۋەبلىك بىر سىستېما بەرپا قىلىشنى كۆزلىمەيدىغان، ئۆزىنىڭلا مەنپەئەتىنى ئويلايدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئىجتىمائىي تەرتىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

بۇنىڭ ئاددىي مىساللىرىدىن بىرى، يېشىللىق ئارىسىدا سوزۇلغان بىر چىغىر يولدۇر. ھېچكىممۇ پالانچى ئوتلاقنىڭ پالانچى بۆلىكىگە، پالانچى تەرەپتىن پوكۇنچى تەرەپكە سوزۇلغان بىر چىغىر يول بەرپا قىلايلى دەپ پىلان تۈزمەستىنلا، بۇ چىغىر يول نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەينى يەردىن مېڭىشى ئارقىلىق تەبئىي شەكىللەنگەن. يەنى، ئۆزلىكىدىن شەكىللەنگەن تەرتىپ پرىنسىپى سەۋەبلىك بىر يول ئوتتۇرىغا چىققان.

ئۆزىنى ئۆزى تەرتىپلەيدىغان بازار ئىقتىسادىمۇ بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرىدۇر. بازار ئىقتىسادى — قىممەت يارىتىش ۋە تىجارەت قىلىش جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن جانلاندۇرۇلغان سىستېمىدۇر. بۇ ئىقتىسادىي سىستېما باھالار ئارقىلىق ئۆزىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

سودا ھەمكارلىقى

سودا دۇنياسىدا بەزى شىركەتلەر رىقابەتلىشىشنىڭ ئورنىغا، ھەمكارلىق ئورنىتىشنى زۆرۈر دەپ قارايدۇ. ئەسلىدە باھانى يۇقىرى ھالەتتە ساقلاپ قېلىش ۋە باھانى مۇقىم قىلىۋېلىش نۇرغۇنلىغان باي دۆلەتلەردە قانۇنسىز دەپ جاكارلانمىغان بولسا، بۇ ھال تېخىمۇ كەڭ تارقالغان بولاتتى. بىراق، بىر مەخپىي كېلىشىم بولمىغان تەقدىردىمۇ، شىركەتلەر رەقىپلىرىنىڭ قاتتىق ئىنكاسلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئادەتتە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشتىن ئۆزاق تۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

باھا ئۇرۇشى — تاكتىكىلىق ھەمكارلىق يىمىرىلگەندە نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، باھا ئۇرۇشى ئىستېمالچىلارغا پايدا ئېلىپ كېلىدۇ. بىراق، كارخانىغا نىسبەتەن پايدا بوشلۇقىنىڭ كىچىكلىشى كارخانىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش قالالماسلىقىنى بەلگىلىشى مۇمكىن.

تىجارەتتىكى ھەمكارلىقنىڭ مىساللىرىدىن بىرى ئىستراتېگىيىلىك ئىتتىپاقلىشىش بولۇپ، بۇ خىل ئىتتىپاقلىشىش ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كارخانىنىڭ ئۆز ئىستراتېگىيىلىك ھەرىكىتىنى بىردەكلىككە ئىگە قىلىشىدۇر. شىركەتلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب، ھەمكارلىق سەۋەبلىك كەلگەن پايدا چەك تونىمايدىغان رىقابەت سەۋەبلىك قولغا كەلگەن پايدىدىن چوڭ بولىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق شىركەتنىڭ ئىزدەيدىغىنى ھەمكارلىق ئۈنۈمىدۇر. بۇ پۈتۈننىڭ نەتىجىسىدىن پارچىلارنىڭ يىغىندىسىدىن چوڭ ئىكەنلىكى يۈزىسىدىندۇر. بەزى ھاللاردا كۆپلىگەن كارخانىلار بىلەن ئورتاق ئىستراتېگىيە ئاساسىدا بىللە ھەرىكەت قىلىش يولى ئېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، باشقا بىر كارخانا بىلەن ھەمكارلىشىش مەنتىقىلىق ھېسابلىنىدۇ.

2011-يىلى ئادالەت مىنىستىرلىقى تېلگراف گورۇھى AT&T نىڭ يانفون شىركىتى T-Mobile نى سېتىۋېلىشىنى رەت قىلىشى مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاقىۋەتتە، AT&T گورۇھى بىلەن T-Mobile شىركىتى كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، AT&T گورۇھى T-Mobile نىڭ تور دولقۇنىنى ئىشلىتىدىغان بولۇپ كېلىشتى. بۇ كېلىشىم T-Mobile نىڭ دۆلەت ئىچىدە كېڭىيىشىنى روياپقا چىقاردى.

ھەرىكەت جەھەتتىكى ھەمكارلىق نەزەرىيىسى

ك گ بنىك باش مەسئۇلى ئالېكسېي كوندارووۋ (Alexei Kondaurov) بىر زامانلاردا ئۆكتىچى سىياسىي ئېقىمدىكىلەرنى كونترول قىلىشقا مەسئۇل بولغان. ھالبۇكى، ئىسلاھات دەۋرلىرىدە ئالېكسېي بىلەن ئۆكتىچى سىياسىي ئېقىمدىكىلەر ئارىسىدا تۇراقسىز ھالدىكى بىردەكلىك ھاسىل بولغان.

كوندارووف نامايىشچىلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇنداق ئۇچۇر تارقاتقان: نامايىش جەريانىدا پالانچى سىزىقتىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكۈچىلەر ساقچىلارنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ. نامايىشچىلار ئاشۇ سىزىقتىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتمەسلىككە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىككى قارشى قۇتۇپ ھايات-ماماتلىق ھەمكارلىق ھاسىل قىلغان.

ھەمكارلىق مەسىلىسىنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن قىيىنچىلىقى دەمال قارىماققا ھەل قىلىنغىلى بولمايدىغاندەك بىلىنىشىدۇ. بىراق، ھەمكارلىق نەزەرىيىسى بىزگە شۇنى كۆرسەتتىكى، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر تۇرمۇشنى تېخمۇ ياخشى ھالەتكە كەلتۈرۈشنى ئارزۇلىغىنىدا، بىر-بىرىگە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ يوللىرىنى تېپىپ چىقالايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

تەۋسىيەلىك كىتابلار

ئاكسلورد: «ھەمكارلىق تەدرىجىي تەرەققىياتى»

ۋېينتراب: «جىمجىت كېچە»

ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار

1. ئەڭ تەرسا رەقىبىڭىزنى خىيال قىلىڭ ۋە ئىككىڭلار ھەمكارلىق يولىنى تېپىپ چىقالامسىلەر يوق، ئويلىنىڭ. ھەمكارلىقنىڭ ئوچۇق-ئاشكارە بولۇشى شەرت ئەمەس. بۇ لېكسىيىدە بايان قىلىنغىنىدەك، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «تىنىچ ھالەتتە تەڭ مەۋجۇت بولۇش» — مۇشۇ تىپتىكى قارشىلىششىنى ئازايتىش ئۇسۇلى ئىدى. ئاكسلوردنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ «قىساسقا قىساس» مەشىقى قىلىڭ ۋە بۇنى سىناپ كۆرۈڭ.

2. بۇ لېكسىيە، كېلەچەكنىڭ سايىسى قانچىلىك ئۇزۇن بولسا، رىقابەتچى رەقىب بىلەن ھەمكارلىشىش پۇرسىتى شۇنچە چوڭ بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ سەۋەبلىك، پەرەز قىلغىلى بولىدىغان تەكرار ئورۇنۇشلار ئارقىلىق كېلەچەكنىڭ سايىسىنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. سىز كېلەچەكنىڭ سايىسىنى ئۇزارتىش ئارقىلىق، رەقىب تەرەپنىڭ ھەمكارلىقتىن پۈت تارتىش مۇمكىنچىلىكىنى تۆۋەنلىتەلەيدىغان قوللىنىشچان ئۇسۇلدىن بىرنى ئويلاپ چىقالامسىز؟

3. سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بىر-بىرىگە دۈشمەن ئىككى سەپكە تەۋە ئەسكەرلەرنىڭ ھەر قانداق بۇيرۇقتىن خالىي ھالدا ئۆزئارا دوستانە ھالدا قوشۇلۇپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب نېمە؟

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مىسلىسىز ئويغىنىش

ترامپ ئامېرىكا ئاۋازى قاتارلىق ئورگانلارنى قىسقارتىش بۇيرۇقىنى ئىمزالىدى

نىكولاس پىكاردى

ترامپ ئامېرىكا ئاۋازى قاتارلىق ئورگانلاردىن خادىم قىسقارتىش بۇيرۇقىنى ئىمزالىدى

نىكولاس پىكاردى

ترامپ ھۆكۈمىتى (2025-يىلى، 16-مارت) شەنبە كۈنى ئامېرىكا ئاۋازىغا (VOA) ۋە ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاگېنتلىقلىرىغا ئالاقىدار چوڭ تىپتىكى خادىم قىسقارتىشقا باشلىدى. «ئامېرىكا ئاۋازى» دىرېكتورى «ئامېرىكا ئاۋازى»دا ئىشلەيدىغان بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈردى.

جۈمە كۈنى كېچىسى — ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىدا ئاخىرقى مەبلەغ لايىھەسى تەستىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن — ترامپ قول ئاستىدىكىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئاگېنتلىقلارنىڭ ئۆز فۇنكسىيىسىنى قانۇننىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشكە يوليورۇق بەردى. بۇ ئاگېنتلىقلار ئامېرىكا ئاۋازى، ئەركىن ياۋروپا رادىيوسى، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ۋە كۇبادا ئىسپان تىلىدا خەۋەر تارقىتىدىغان مارتى رادىيوسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەنبە كۈنى ئەتىگىنى ترامپ «ئامېرىكا ئاۋازى» ئاگېنتلىقىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەيىنلىگەن كارلى لېيك (Kari Lake) X تا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز ئېلخەت ساندۇقلىرىغا قاراپ قويۇشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتتى. كارلى لېيكنىڭ بۇ چاقىرىقى، «ئامېرىكا ئاۋازى» خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشلىق دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئوتتۇرىغا چىققان پەيت بىلەن ئوخشاش پەيتكە توغرا كەلدى.

«ئامېرىكا ئاۋازى» ئاگېنتلىقىنىڭ دىرېكتورى مىخائىل ئابراموۋىتز (Michael Abramowitz) «بۇ 83 يىل مابەينىدە تۇنجى قېتىم ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ ئۈنىنىڭ ئۆچۈشى ھېسابلىنىدۇ» دېدى. ئابراموۋىتز 1300 كىشىلىك خىزمەتچىنىڭ ھەممىسىنىڭ دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى ئەسكەرتتى.

ئابراموۋىتز مۇنداق دېدى: «ئامېرىكا ئاۋازى دۇنياغا ئامېرىكانىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلىش، ئوبيېكتىپ ۋە مۇۋازىنەتلىك خەۋەر ۋە ئۇچۇرلارنى تارقىتىش ئارقىلىق — بولۇپمۇ مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر ئاستىدا ياشاۋاتقان خەلقلەر ئۈچۈن — ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەنى، ئىلگىرى سۈرىدۇ.»

ئامېرىكا ئاۋازى خىزمەتچىلىرىنىڭ مېدىياغا سۆز قىلىش سالاھىيىتى بولمىغانلىقتىن، ئامېرىكا ئاۋازى مۇخبىرلىرىدىن بىرى ئىسمىنىڭ ئاشكارىلانماسلىق شەرتى بىلەن مۇنداق دېدى: «بىز مۇشۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىشىنى كۈتكەن ئىدۇق، مانا بۈگۈن ئاخىرى كۈتكەن ئىشىمىز يۈز بەردى.»

چېگراسىز مۇخبىرلارنى ھىمايەت قىلىش تەشكىلاتىنىڭ بىر مۇخبىرى مۇنداق دېدى: «بۇ قارارنى ئامېرىكانىڭ ئەركىن ئۇچۇرنىڭ ھىمايىچىسى بولۇشتەك تارىخىي يولىدىن يۈز ئۆرۈش سۈپىتىدە كۆرۈپ ئەيىبلەيمىز، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى VOA نى ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە چاقىرىمىز، كېڭەش پالاتاسىنى ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتىنى بۇ ئۇخشىشى كۆرۈلۈپ باقمىغان قىلمىشقا قارشى ھەرىكەتكە كېچىشكە چاقىرىمىز.»

خەلقئارالىق مېدىيا ئاگېنتلىقى ئۆز قارمىقىدىكى ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ۋە باشقا پروگراممىلارنىڭ مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشتىن توختىلىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئامېرىكا ئاۋازى ئاگېنتلىقى ئامېرىكاغا ئائىت خەۋەرلەرنى باشقا دۆلەتلەرگە تارقىتىدىغان بولۇپ، خەۋەرلەرنى يەرلىك تىللارغا تەرجىمە قىلىپ تارقىتىدۇ. ئەركىن ئاسىيا، ئەركىن ياۋروپا ۋە مارتى رادىيولىرى بولسا خىتاي، چاۋشيەن ۋە رۇسىيە قاتارلىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ئاستىدىكى ئەللەرگە خەۋەر تارقىتىدۇ.

ئەركىن ياۋروپا رادىيوسى دېرېكتورى ستېفېن كاپس (Stephen Capus) «ئەركىن ياۋروپا رادىيوسىغا بېرىلىدىغان ياردەمنىڭ توختىتىلىشى ئامېرىكانىڭ دۈشمەنلىرىگە بېرىلگەن چوڭ سوۋغاتتۇر» دېدى.

مۆلچەرگە كۆرە، يۇقىرىقى ھەر قايسى رادىيو ۋە مېدىيا ئورگانلىرىنىڭ ئاگىلىتىش ۋە خەۋەرلىرى 427 مىلىيون كىشىگە يېتىپ بارىدىكەن. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ تارىخى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىگە تۇتۇشىدىغان بولۇپ، ئامېرىكانىڭ دۇنيادىكى تەسىرىنى ئاشۇرۇش ۋە مۇستەبىتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش يولىدىكى دۆلەتنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى قۇرۇلۇشلار زەنجىرىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. بۇنىڭ ئارىسىدا تىرامپ نىشانىغا ئالغان USAID مۇ بار.

بۇ خىزمەتچى قىسقارتىش ھەرىكىتى ئۇزۇن زاماندىن بېرى ئىككى پارتىيىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەن، سوغۇق ئۇرۇشتىن كېيىنكى مېخانىزىمنىڭ ئۆلتېشىغا ئۇرۇلغان ئەجەللىك زەربىدۇر.

ئەركىن ياۋروپا رادىيوسىنىڭ سابىق باش دېرىكتورى توماس كېنت (Thomas Kent) مۇنداق دېدى: «تىرامپنىڭ ئاگېنتلىقلارغا نىسبەتەن قانداق نىيەتتە ئىكەنلىكى تېخىچە نائېنىق. بۇ ئاگېنتلىقلار بولمىسا ئامېرىكانىڭ ئۆز ئۇچۇرلىرىنى سىرتقى دۇنياغا يەتكۈزۈشى تېخىمۇ تەس بولىدۇ» دېدى.

كېنت يەنە مۇنداق دېدى: «خەلقئاراغا خەۋەر تارقىتىدىغان ئاگېنتلىقلار بولمىغان، ئامېرىكانىڭ دۆلەت ئوبرازىنى ۋە تىرامپنىڭ ئوبرازىنى (قانداق تەسۋىرلەش) باشقىلارنىڭ قولغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇنداقلا تىرامپ ھۆكۈمىتىنىڭ رەقىبلىرىنىڭ قولىغا، ئامېرىكانى دۈشمەن دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ ۋە دۆلەتلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.»

كارلى لېيك (Kari Lake) شەنبە كۈنى X كە يوللىغان بىر ۋىدىيودا تەنەرخنى قىسقارتىش توغرىسىدا قىلىنغان سۆز بار بولۇپ، خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىش ۋە ئامېرىكا ئاۋازى تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇنىڭ ۋىدىيوسى ئامېرىكا ئاۋازى ئىجارە ئېلىپ ئىشلىتىۋاتقان بىر بىنادىن سۈرەتكە ئېلىنغان بولۇپ، لېيك بۇ بىنانىڭ پۇل ئىسراپ قىلغانلىق دائىرىسىنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. لېيك ۋىدىيودا ئۆزلىرىنىڭ 15 يىللىق ئىجارىگە ئېلىنغان بۇ خىزمەت بىناسىنىڭ ئىجارە توختامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا كۈچەۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «ئەمەلدىن قالدۇرغىلى بولغۇدەك ھەر قانداق توختامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا، پۇلنى تېجەشكە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشىۋاتىمىز. دۆلەت بەرگەن پۇلنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىنىش ئەھۋالى يوقلۇقى يۈزدە يۈز.»

مەكتۇپتا خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىپ تۇرۇشى كېرەكلىكى، «يېڭىچە ئەھۋال بولغانغا قەدەر» مائاشىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي ھەقلىرىنىڭ قولغا تېگىپ تۇرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. خىزمەتچىلەر ئاگېنتلىققا ئائىت ئەسلىھەلەرنى ئىشلەتمەسلىككە، تېلفۇن ۋە كومپيۇتېر قاتارلىق ئەسلىھەلەرنىڭ قايتۇرۇلۇشقا بۇيرۇلدى.

ترامپ ھۆكۈمىتى ئامېرىكا ئاۋازى ئۈستىدىكى ئىگىدارچىلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن باشقا قەدەملەرنىمۇ ئاتتى. بۇ ھەپتە ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بىرلەشمە ئاگېنتلىق قاتارلىق مۇستەقىل خەۋەر ئاگېنتلىقلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىنى قوللىنىش جەھەتتىكى توختاملارنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

ترامپنىڭ مەبلەغ توختىتىش بۇيرۇقى دائىرىسىدە يەنە باشقا ئانچە بىلىنمىگەن ھۆكۈمەت ئاگېنتلىقلىرىنىمۇ مەۋجۇت.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://time.com/7268630/trump-executive-order-staff-cuts-seven-government-entities-agencies/

ئۇيغۇر تەتقىقاتى

ۋەلباي يولداشۇ

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

ئىلىنىڭ خەلقپەرۋەر پۇلدار ئوغلانى ۋەلىباي يولداشىۋ

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى ۋە چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئابرۇيلۇق ئۇيغۇر سودىگىرى ۋەلىباينىڭ ئىسىم ـ شەرىپىنى ئازتولا ئاڭلاپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەپسىلى ئىش ـ ئىزلىرىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەۋەرسىزدۇر. مەرھۇم زىيا سەمەدى «ئىستەك ۋە قىسمەت» رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا مەزكۇر كىشى ھەققىدە مۇنداق قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇر بەرگەن «...ئىلى ئۇيغۇرلىرىدىن چىققان ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە ئىناۋەتلىك باي، ھەمدە ئاق پادىشاھ چار رۇسىيەسى ۋە قارا پادىشاھ مانجۇ ئىمپېرىيەسى ئالدىدا تەڭلا ھۆرمەت ـ ئېتىبارغا سازاۋەر بولغان ئاتاقلىق ئەرباپ ۋېلىباي يولداشېۋ خونىخايلىق بولۇپ، مېنىڭ بوۋىلىرىم: سەمەت قازى، ئىمىر ھەمزە قازى، ئوسمان بولۇسلار بىلەن نەۋرە قېرىنداش ئىكەنلىكى تۆپەيلى ئىلى خونىخايلىقلارغا يان بېسىش تەبىئىي ھالەت، ئەلۋەتتە.» بۇ مەلۇماتلارنى ئاساس قىلغاندا، ۋېلىباي ھازىرقى قازاقىستاننىڭ ياركەنت شەھرى تەۋەسىدىكى خونىخاي ئەمەس، ئىلى تەۋەسىدىكى غۇلجا خونىخاي مازارى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ 1838 ـ يىلى ئىلى خونىخاي مازاردا دۇنياغا كەلگەنلىكى ۋە 1915 ـ يىلى ھازىرقى ياركەنت شەھرىدە ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى تارىخىي مەلۇماتلار ئەڭ ئىشەنچلىكتۇر.

ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ۋېلى، ئۇ ئاتىسىدىن كىچىكلا ئايرىلىپ قالغاچقا، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولۇپ، كىچىكىدىنلا تۇرمۇش ئېغىرچىلىقلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، تىجارەت ۋە ئوقەتكە پىشقان. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا غۇلجا شەھرىگە ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئوتۇن توشۇپ ھالالدىن تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دالادا ئاپپاق ساقاللىق خىزىر بوۋاي يولۇقۇپ، دۇئاسىنى بەرگەن ئىكەن، دېگەن ھېكايىمۇ بار. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمگەك سۆيەرلىكى ۋە پەم ـ پاراستى تۈپەيلى تۇرمۇش شارائىتىنى تېزلا ياخشىلىۋالغان ئىدى. 1871 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ پايتەختى غۇلجا شەھرىنى چاررۇسىيە ئەسكەرلىرى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئورۇس، تاتار ۋە باشقا سودىگەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، ئىش ـ ئوقىتى تېخىمۇ ياخشىلىنىشقا باشلىغان. 1871 ـ يىلدىن تاكى 1881 ـ يىلغىچە بارا ـ بارا كەڭتاشا ئېتىزلىقلىرى، مىڭلىغان چارۋا ماللىرى، نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى، ھەتتا شەخسىي بانكىسى بار كۆرۈنەرلىك ئاز ساندىكى بايلار

قاتاردىن ئورۇن ئېلىپ، نام - ئاتىقى پۈتۈن يەتتىسۇغا كەڭ تونۇلۇشقا باشلىغان. 1881 - يىلىدىن كېيىنكى چوڭ كۆچ - كۆچتە ئۇنىڭ داڭقى پۈتۈن چار رۇسىيە تەۋەسىگە، بولۇپمۇ ئورۇسلارنىڭ تۈركىستان ھەربىي ئۆلكىسىگە پۇر كەتكەن.

مىلادىيە 1881 - يىلى 24 - فېۋرالدىكى «پېتېربۇرگ ئىلى شەرتنامىسى» بويىچە ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ چار روسىيە بۇرۇن ئىشغال قىلىۋالغان يەتتە سۇ ۋە بالقاش قىسمىدىن باشقا غۇلجىنى مەركەز قىلغان ئازغىنا يېرى مانجۇلارغا قايتۇرۇلۇپ بېرىلگەندە، ئىلى خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كەسكىنلىشىپ، زورلۇق ۋە خورلاش يەنە كۈچەيگەن. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەتتىسۇغا كۆچۈش گەپلىرى تارقالغان. ئەينى چاغدىكى چار پادىشاھ گېنراللىرى يېڭى ئىشغال قىلىۋالغان قاقاس يەرلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن بوستانلىقلارغا ئايلاندۇرۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا، بۇ ئىشنى تۈركىستاننىڭ گېنېرال گۇبېرناتورى ئا.ۋ. كولپاكوۋسكىي ئۆز قولىغا ئالغان. ئۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن يىراق تاشكەنتتىن ياركەنت تەۋەسىنىڭ ئالتۇنەمەل دېگەن يېرىگە كېلىپ، ۋەلىباي يولداشېۋ بىلەن ئۇچرىشىپ، يۈز تۇرانە سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنى يەتتىسۇغا تولۇق كۆچۈرۈپ چىقىشقا ياردەم قىلىشنى قەتئىي ئىلتىماس قىلغان. ناۋادا بۇ ئىشقا ياردەم قىلمىسا، مانجۇلارنىڭ ئىلىنى قولىغا ئالغان ھامان ئۇيغۇرلارنى قىرىپ تاشلايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەھىمە سالغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە بۇ مەسىلە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىنسا، مانجۇ ئىمپېرىيەسى ۋەلىبايغا تۆلىگىلى ئۇنىماي كېلىۋاتقان بىر مىليون سەككىز يۈز مىڭ تىللاسىنى چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى بىلەن تۆلىتىپ بېرىشكە ئاكتىپ ياردەملىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى مىڭ تەستە قايىل قىلغان. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتى مىقياسىدا ئىلى تارانچى ئۇيغۇرلىرىنى يەتتىسۇغا كەڭ كۆلەمدە كۆچۈرۈش تەييارلىقى باشلىنىپ كەتكەن. يەتتە سۇ تەرەپتىمۇ بۇنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى جىددىي باشلانغان. بۇ ھەقتە چار پادىشاھلىق تەرىپىدىن يەنە مەخسۇس كومىسسىيە قۇرۇلغان. سىردەريا ۋىلايىتى ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى، گېنېرال-مايور ئا.يا. فرېدى ياركەنت شەھىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ سېلىشقا مەسئۇل بولۇپ تەيىنلەنگەن. يېڭى ياركەنت شەھىرىنى ئۆسەك دەرياسىنىڭ بويىغا كېڭەيتىپ سېلىش مۇۋاپىق دەپ قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن، شەھەرنى كېڭەيتىپ قۇرۇش لايىھىسى كېلەچەكنى كۆزدە تۇتقان ھالدا پۇختا تۈزۈلگەن. چۈنكى بۇ يېڭى ئۇيغۇر شەھىرى غۇلجا بىلەن ئالمۇتانى باغلاپ تۇراتتى. بۇ شەھەرنى كېڭەيتىپ قۇرۇش توغرىلىق دەسلەپكى ھۆججەت 1881 - يىلى 7 - سېنتەبىردە چىقىرىلغان. فرېدى ئۆزىنىڭ گېنېرال-گۇبېرناتورغا يازغان خېتىدە «ئۆسەككە 1500 ئائىلىنىڭ كۆچۈپ كەلمەكچى، ئاساسىي خەلق ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە 400 ئائىلە رۇس، تاتار، تۇڭگان ۋە باشقا مىللەتلەردىن بولۇپ، بارلىقى 1900 ئائىلە كۆچۈپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى...» دەپ يازغان.

تارىخچى ئابلەت كامالوفنىڭ قارىشىچە، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىقىشىدا ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىجارەتچىسى ۋەلىباي يولداشېۋ مۇھىم رول ئوينىغان. ئالىمنىڭ بىلدۈرۈشىچە، يەتتىسۇ ۋىلايىتى بىلەن ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىچ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلەر مەۋجۇت بولغانلىقتىن ئاھالىنىڭ بىر يەردىن ئىككىنچى يەرگە كۆچۈپ - قونۇشى تەبىئىي بولغان. كەسكىن سىياسىي بۇرۇلۇشلار نەتىجىسىدە ئاھالە ئوتايلىقچە چېگرىلاردىن ئۆتۈپ، باشقا تەرەپلەرگە كېتىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا، 1930 - يىللىرى يەتتىسۇنىڭ كۆپلىگەن ئۇيغۇرلىرى قازاقلار، تۇڭگانلار ئوخشاشلا ئۇيغۇر ۋەتىنىگە كۆچۈپ كەتكەن.

شۇنداق قىلىپ، چوڭ كۆچ - كۆچ 1882 - يىلى باشلىنىپ، تولۇق ئىككى يىل ئىزچىل داۋام قىلغان. ئەڭ دەسلەپتە ۋەلىباي ئۆزى بىلەن بىللە 45 مىڭدىن ئوشۇق ئادەمنى ئىلى دىيارىدىن ياركەنتكە ئېلىپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى چوڭ كۆچ - كۆچتە ۋەلىباي ئاساسلىق رول ئوينىغان. ياركەنتكە كۆچۈپ كەلگەن ھەربىر ئائىلىگە ئالتە دېسياتىنىدىن يەر ئاجرىتىلىپ بېرىلگەن. يېڭى كۆچكەن يەرلەردە بۇ كۆچمەنلەر ئاشلىق، كۆكتات، قوغۇن-تاۋۇز ۋە باشقا دانلىق زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، يەنە مېۋىلىك باغلارنى بەرپا قىلىپ، چاپسانلا گۈلستانلىققا ئايلاندۇرغان. شەھەر قويىنىدا تۇرۇشلۇق ئۆيلەر، بىنالار، بازارلار، دۇكانلار ۋە باشقىلار سېلىنىپ، شۇنداقلا ئۆسەڭ دەريا ۋادىسىدا سەكسەنگە يېقىن يېزا بىلەن مەھەللە بەرپا قىلىنىپ، تېز ئاۋاتلاشقان ۋە ئۈچ چوڭ ئۆستەڭ قېزىلغاندىن سىرت، يەنە تېخى نۇرغۇنلىغان دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ئىشقا قوشۇلغان. بۇ جەھەتتىن ۋەلىباينىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرى كۆپتۇر. مەزكۇر ۋادىدىكى چۆلنى بوستانغا ئايلاندۇرۇشنىڭ داڭقى باشقا يۇرتلارغىمۇ پۇر كەتكەن. ئارىدىن ئون بەش يىل ئۆتكەندە، «نوۋوئې ۋرېميا» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ 1900 - يىلى 7 - ئايدىكى سانىدا : «غۇلجا كۆچمەنلىرىدە بىز ھەقىقىي ئەمگەك ئادەملىرىنىڭ ساغلام ۋە پاك ھاياتىنى كۆردۇق. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇلار ناھايىتى زور كۈچىنى تەشكىل قىلىدۇ. قەدىمي زامانلاردىن بېرى كۆن نۇرىدا كۆيۈپ، قاغجىراپ ياتقان چۆللۈكلەر... ئەمدى ئەسىرلىك ئۇيقىسىدىن ئويغىنىپ، گۈللەنگەن ۋادىغا ئايلاندى»، دەپ يازغان.

شۇنداق قىلىپ، ياركەنت ۋادىسىدا يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەرگە ئاساسەن ۋەلىباي ئېگىدارچىلىق قىلىپ، مول ھوسۇل ئېلىنغان يىللىرى ئۇنىڭ ئامبارلىرىغا ئىككى يۈز مىڭ فۇتتىن ئوشۇق ئاشلىق قۇيۇلغان. ئۇ بۇ ئاشلىقنى يەتتىسۇ، تاشكەنت ۋە باشقا يەرلەرگە سېتىپلا قالماي، ھەتتا چەت ئەللەرگىمۇ چىقارغان ۋە چار پادىشاھ ئەسكەرلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە ياردەملەشكەن. ۋەلىباي يەنە ئۆز مەبلىغىنىڭ خېلى بىر قىسمىنى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، جۈملىدىن كان سانائىتىگە، ئالتۇن چىقىرىشقا سەرىپ قىلغان. ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەشەببۇسى ۋە شەخسىي مەبلىغى بىلەن ئىلى دەرياسىدا كېمە يولى ئېچىلغان، يەنى 1893 - يىلى 14 - ماي كۈنى

20 مىڭ فۇت ساپ ئاشلىق بېسىلغان ھەيۋەتلىك بىر كېمە ياركەنتتىن غۇلجىغا ئاتلىنىپ، مەنزىلگە ساق - سالامەت يەتكەن. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن، يەنى 1871 - يىلىدىن 1893 - يىلىغىچە بولغان 22 يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياساپ چىققان كېمە - سالLارنى ئىشلىتىپ، ئىلى بىلەن يەتتە سۇ ئارىسىدىكى سۇ يولىنى ئاچقان ئىدى.

مىلادىيە 1871 - يىلى يىلى ئىيۇل ئېيىدا تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ گېنېرال - گوبېرناتورى (ۋالىيسى) كولپاكوۋېسكىينىڭ قوماندانلىقىدىكى ئورۇس ئارمىيىسى ئىلى سۇلتانلىقىدىكى ۋەتەن خائىنى بەشىر بەگ (بۇشرى جەلىلوف) تەمىنلىگەن ھەربىي مەخپىيەتلىك ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلىنىپ بورخوجا چېگرا پونكىتىدىن قوزغىلىپ، قارشىلىقسىزلا ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ مەركىزى غۇلجىغا قىستاپ كەلگەن. باشقا چارىسى قالمىغان سۇلتان ئەلاخان قورغاس دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى، قورال - جابدۇقلارنى گېنېرالغا تاپشۇرغان. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا ئىلى ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي - سىياسىي ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئاھالىسى چار روسىيىگە قوشۇلۇشنى بىردىنبىر زىيىنى يېنىك قارار دەپ ئويلاشقان. دەرۋەقە، چار رۇسىيەنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلىش قانخور مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ رەھىمسىز زۇلۇملىرىغا قارىغاندا بىر ئاز بولسىمۇ يېنىك ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ يەرلىك ئاھالە كېلەچەككە يەنىلا ئۈمىد بىلەن قاراشقان. بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئۈمىدلىرى تېزلا توزۇپ كەتتى. چۈنكى، چار پادىشاھ ھاكىمىيىتى ئىلى سۇلتانلىقىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرغان. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇرلار چار روسىيە پۇقراسى بولۇش خاھىشىنى بىلدۈرۈشكەن. لېكىن 1881 - يىلى 24 - فېۋرالدىكى «پېتېربۇرگ ئىلى كېلىشىمى» بويىچە ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ چار روسىيە خېلى بۇرۇنلا تارتىۋالغان قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمىدىن باشقا بارلىق قەدىمىي ئۇيغۇر يەرلىرى، يەنى ھازىرقى ئىلى ئۆلكىسى يەنىلا مانجۇ چىڭ سۇلالىسىغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىنلا، گېنېرال - گوبېرناتور كولپاكوۋېسكىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق باي كاپىتالىستى ۋېلىباي يولداشېۋنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى يەتتەسۇغا كۆچۈرۈش مەقسىدىدە بولغان. چۈنكى ۋېلىباي يولداشېۋ يەتتەسۇدا چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە شەخس ئىدى. ئاشۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تاشكەنتتىن يەتتەسۇغا كەلگەن گېنېرال - گوبېرناتور ئالتۇن ئەمەلدە ۋېلىباي يولداشېۋ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن ئىلىلىق ئۇيغۇرلارنى يەتتەسۇغا كۆچۈرۈپ چىقىشقا ياردەملىشىشنى ئىلتىماس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى يەتتەسۇغا كۆچۈرۈش تەشۋىقاتى يۈرگۈزۈلۈپ، جىددىي تەييارلىق ئىشلىرى باشلىنىپ كەتكەن.
بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە چار روسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەخسۇس كومىسسىيە قۇرۇلىدۇ. 1881 - يىلى ئىيۇل ئېيىنىڭ بېشىدا تۈركىستاننىڭ گېنېرال - گوبېرناتورى (ۋالىيسى) كولپاكوۋېسكىي سىر دەريا ۋىلايىتى ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى، گېنېرال - مايۇر فېردىنى ياركەنت يېزىسىغا كەلگۈسى شەھەرنىڭ مەركىزىنى سىزىشقا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇ ھەقتىكى ئەڭ دەسلەپكى ھۆججەت 1881 - يىلى 7 - نويابىردا يېزىلغان بولۇپ، بۇ شەھەرنى كېڭەيتىپ سىزىش ۋە پىلانلاشتا كۆچەت

تېكىش ۋە باغۇ ـ بوستانلىق قىلىشقا چوڭ ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋېلىباي بېشكەك شەھىرىدىكى دۆلەت باغلىرى بىلەن كۆچەتخانىلىرىدىن ناھايىتى كۆپ كۆچەتلەرنى ياركەنتكە ئۇششۇتۇپ قويماي ئېلىپ كەلگەن.

شۇنىمۇ قوشۇپ ئېيتىش كېرەككى، بۇ ياقىا كۆچۈپ چىققان دېھقانلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئاجرىتىپ بېرىلگەن يەرلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشىلىشىغا شارائىتى يەتمەيتتى. شۇڭا ئۇلار بىردەك يەتتەسۇ گوبېرناتورىغا مۇراجىئەت قىلىپ، يەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇۋېلىشىنى، يا بولمىسا ئىجارىگە بېرىشكە رۇخسەت بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغان. چۈنكى ئۇلار پايدىلانماي قالغان يەرلەرگىمۇ سېلىق تۆلەيتتى. شۇنداق قىلىپ گوبېرناتوردىن رۇخسەت ئالغان دېھقانلارنىڭ بىر قىسمى ئوشۇق يەرلىرىنى ئىجارە بېرىشكە باشلايدۇ. ئىجارىچى ئاساسەن ۋېلىباي يولداشوۋ بولىدۇ. ئۇ پەقەت ياركەنت رايۇنىدىلا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ 10 مىڭ 364 گېكتار (155 مىڭ 460 مو) يەرنى ئىجارىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر يىللىق ساپ پايدىسى بىر نەچچە مىليون سومغا يەتكەن. يۇقىرى ھوسۇل ئېلىنغان يىلى ۋېلىباي ئاشلىق ساكلىرىغا 200 مىڭ فۇتقىچە ئاشلىق قويۇلاتتى. ۋېلىباي يولداشوۋ ئۆزىنىڭ ئاشلىقىنى يەتتەسۇ ، تاشكەنتتىلا سېتىپ قالماي، چەت ئەللەرگىمۇ چىقىراتتى. چار پادىشاھ ئەسكەرلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكىمۇ ياردەملىشەتتى. شۇنداقلا ۋېلىباي يولداشوۋ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن مەبلىغىنى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، جۈملىدىن كان سانائىتىگە، بولۇپمۇ ئالتۇن قېزىشقا سەرپ قىلغان.

ۋېلىباي يولداشوۋنىڭ ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىش بويىچە قوللانغان ئۇسۇلى، يەتتەسۇ تارىخىدىكى بىر يېڭىلىق بولدى. ئۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرى يەتتەسۇغا كۆچۈۋاتقان 1880 ـ يىللىرىدا ئەنگلىيەدىن كېمە سېتىۋېلىپ، ئىلى دەرياسىدا يۈك توشۇشنى باشلىغان ئىدى. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئۇ ئىنژېنېر پاكلىۋېسكىي بىلەن بىرلىشىپ كېمە بىلەن ئىلى دەرياسىدا ئادەملەرنى، تۈرلۈك يۈكلەرنى توشۇپ، سودىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۆزدە تۇتقان. ئۇلارنىڭ ئىلى دەرياسى ئارقىلىق غۇلجىدىن چۆيۈن تاۋلاش زاۋۇتىنى يەتتەسۇغا كۆچۈرۈپ چىقىش توغرىسىدىكى ئويى گېنېرال گوبېرناتور كولپاكوۋېسكىي تەرىپىدىن قىزغىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەنگەن. نەتىجىدە چېك ھۆكۈمىتى بىلەن يەتتەسۇ دىن غۇلجىغىچە بولغان سۇ يولىنى ئېچىش كېلىشىمى تۈزۈلۈپ، تەييارلىق ئىشلىرى تېزلا باشلانغان. 1893 ـ يىلى 14 ـ ماي كۈنى يىگىرمە مىڭ فۇت ئاشلىق بېسىلغان كېمە غۇلجىغا ئاتلاندى. ئۇ كېمە ئالتە كۈندىن كېيىن يەنە ئېلىسكىغا قايتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئىلى دەرياسى سۈيىدىن پايدىلىنىپ سودا ـ سېتىقنى تېخىمۇ يۈرۈشتۈرۈش ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى.

ياركەنت شەھىرىمۇ راسا كېڭىيىپ، گۈللىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قويىندا سودا ئىشلىرى ئەۋج ئالدى. ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ قاتارى كېڭەيدى. سودا ئورۇنلىرى يېڭىلىرى بىلەن تولۇقلاندى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ۋېلىباي يولداشوۋغا تەئەللۇق ئىدى. 1887 ـ يىلى بىر نەچچە تۈگمەن، خىش زاۋۇتى، ئىككى تېرە زاۋۇتى ۋە باشقىمۇ ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى سېلىنىپ ئىشلەشكە باشلايدۇ. شەھەر قويىندا كۆپلىگەن دۇكانلار ئېچىلىدۇ. دەسلەپكى مەكتەپلەر بارلىققا كېلىدۇ. جۈملىدىن 1886 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىشىكىنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى بۇ شەھەردە دەسلەپكى ئاغرىقخانا (شىپاخانا) سېلىنغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ شەھەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ شۇنداق تېز بولۇشىغا بۇ شەھەرنىڭ يەتتەسۇنى ، بىر تەرەپتىن مانجۇلار ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە روسىيە بىلەن باغلاشتۇرىدىغان ئۇلۇغ يىپەك يولى بويىغا جايلاشقانلىقى كۆپ جەھەتتىن سەۋەب بولدى. يىللار ئۆتكەنسىرى يەتتەسۇدىكى قازاق، ئۇيغۇر، روس، تۇڭگان، تاتار ئاھالىسىنىڭ ئىقتىسادى ئالاقىلىرى ياخشىلىنىپ، تەرەققىيات تېزلەشتى.

شۇ خىلدىكى تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشنىڭ گۇلتاجى بولۇپ، ياركەنت شەھىرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ئاتىلار يادىكارلىقى، ۋېلىباي مەدرىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. مۇشۇ نامدىن چىقىپ تۇرۇپتىكى، بۇ تەدبىرچان، ئىسلاھاتچى باي، ۋېلىباي يولداشوۋنىڭ خەلققە قالدۇرۇپ كەتكەن ئاجايىپ ۋە ئۆلمەس مىراسىدۇر. ئۇنىڭ ھاياتىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەتكەن بۇ ھىممىتى ئۆزىنىڭ ماھىيىتى، ئېتىبارى بىلەن ناھايىتى قىممەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەۋەررۇك روھى ۋە مەنىۋى مۈلكىدۇر.
بۇ نادىر قۇرۇلۇشنىڭ سېلىنىشى توغرىلىق ئەل ئارىسىدا ھەر خىل گەپلەر مەۋجۇت. شۇلارنىڭ بىرىدە مۇنداق ئېيتىلغان : مەدرىسنى سېلىش مەيدانىغا كەلتۈرۈلگەن ياغاچلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن. ياغاچلارنىڭ كېسىلىپ تەييارلىنىۋاتقىنىغا تۆت يىل بولغان بولسىمۇ، باش مىمارچى خون پېكنىڭ ئىش باشلاش ھەرىكىتى باشلانمىغان. ئۇ غاڭزىسىنى چېكىپ، ماتېرىياللارنى تەييارلىتىۋېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر كۈنى تۇيۇقسىز كۆز يۇمۇپ قېلىشى مۇمكىنغۇ. بۇ ئەھۋال باينى ئويلاندۇرۇپ تەشۋىشكە سالغان. تاقىتى تۈگەپ سەۋرىسى تاشقان ۋېلىباي مەزكۇر باش مىمارچىدىن ئىشنى دەرھال باشلاشنى قەتئىي تەلەپ قىلغان. ئاخىرى خون پېك كەلگۈسى مەدرىسنىڭ ئىككى خىل مودېلىنى ياساپ بايغا كۆرسەتكەن. ۋەلىباي ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئالدىراۋاتقىنىنى ھەم ئېيتقان. مودېلنىڭ بىرىنچىسىدە مەدرىسنىڭ ھازىرقى كۆرۈنۈشى، ئىككىنچىسىدە بولسا ئۈچ قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، باش دەرۋازا بىلەن چوڭ جامە مەسچىتىنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى قەۋەتلىك دەھلىز قوشۇلۇپ تۇراتتى. ۋېلىباي شۇ ئىككى مودېلنىڭ بىرىنچىسىنى تاللىۋالغان. شۇ چاغدا باش مىمارچى « ئۇنداق بولسا يەنە ئىككى يىل ياغاچ توشۇپ تەييارلىشىمىز كېرەك » دېگەندە، ۋېلىباي ئۇنىڭغا قوشۇلمىغان.

شۇنداق قىلىپ، 1892 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا مەدرىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ كەتكەن. ئۈچ يىلنىڭ ئىچىدە، يەنى 1895 ـ يىلىغىچە ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ مەسچىت، مەدرىسخانىلىرى، بارلىقى 24 بۆلمە، كىچىك مەسچىت ۋە باش دەرۋازىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاياغلاشقان. مەدرىستە پەقەت ياركەنت تەۋەسىنىڭلا ئەمەس، قوشنا ئىلى ۋە باشقا يەرلەردىن كەلگەن تالىپلار دەرس ئالغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا تۆت سىنىپلىق مەدرىستە دىنى ئوقۇتۇش بىلەن بىر قاتاردا ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ ۋە باشقا پەنلەرمۇ ئوقۇتۇلغان.

ۋېلىباينىڭ ھەشەمەتلىك مەدرىسى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن بەرپا قىلىنغان. ئۇنىڭغا چېكىلگەن ھەر خىل نەقىشلەر، چىرايلىق پۈتۈلگەن يېزىقلار قەيىرگىلا قارىسا ئادەمنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇ بىر ئەسىردىن ئوشۇق ۋاقىت داۋامىدا بىر تال مىقسىزمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. گۈل كەبى چىرايلىق ئىشلەنگەن، نەچچە مىڭلىغان ياغاچ دانىلىرى بىر ـ بىرىگە شۇقەدەر چاپراس كەلتۈرۈلگەنكى، ئۇنىڭ سىرىنى شۇ زاماننىڭ ئۇستىلىرى ئۆزىلا بىلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا قارايسەندە ئويلىنىسەن : « ھە، بۇ بىنا ئەقىل ۋە ماھارەت مەھسۇلى، ئۇ 19 ـ ئەسىردە ئاتىلارنىڭ بىزگە قالدۇرغان تارىخى، مەدەنىي يادىكارلىقى » . مەدرىسنى زىيارەت قىلغان ھەر قانداق كىشى ھەيران بولىدۇ ـ دە، ئۇنى بەرپا قىلغۇزغان ۋېلىباي يولداشېۋغا مىننەتدارلىقنى ئىزھار قىلىدۇ. چۈنكى مەزكۇر مەسچىتكە كىرىدىغان ئىشىكنىڭ پېشانىسىگە ئەرەب يېزىقىدا «ئەگەر سىز بۇ چوڭ بىنانىڭ ئىگىسىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇ دەل مەن بولىمەن — ۋېلاخۇن يولداشوۋ» دېگەن سۆزلەر ئېنىق يېزىلغان.

قازاقىستاندىكى تارىخچى زۇلپىيە كەرىموۋا ھازىرقى ياركەنت شەھىرىدە ئورۇنلاشقان مەسچىتنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سېلىنغان يۇقىرى سۈپەتلىك قەدىمىي يادىكارلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان بايلارنىڭ بىرى ۋېلىباي يولداشېۋنىڭ ئالاھىدە تەشەببۇسى بىلەن سېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ياغاچتىن يۇقىرى دەرىجىدە ۋە ماھىرلىق بىلەن ئويۇپ ياسالغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، مۇنداق دېگەن : «سوۋېت دەۋرىدە ۋە مۇشۇ كۈنگىچە مەسچىت مۇزېي بولۇپ كەلگەن. تولۇق رېمونت قىلىنغۇچە، يەنى 1970 ـ يىللارغىچە بۇ يەردە ئۇيغۇر تارىخىي-ئېتنوگرافىيىلىك كۆرگەزمە بولغان. رېمونت ۋاقتىدا ئۇيغۇر توپلىمى قازاقىستاننىڭ مەركىزىي مۇزېيىغا تاپشۇرۇلغان ئىدى. ھازىرقى ۋاقىتتا مۇزېيدا ئۇيغۇر ئەمەلىي سەنئىتى ئۈلگىلىرىنىڭ ئاز قىسمىلا جايلاشقان بولۇپ، ئۇلار قاستېيېۋ نامىدىكى مۇزېينىڭ بەزى بۇيۇملىرى ۋە 1980 ـ يىللىرى ئاھالىدىن سېتىۋېلىنغان بۇيۇملار بىلەن تولۇقلاندى.»

قىسقىسى، ۋېلىباي يولداشېۋ خەلقىمىزنىڭ، يۇرتىنىڭ مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشكىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلگەن. جۈملىدىن ئۇ بىرەر ھەشەمەتلىك مەدرىسە سېلىشنى ئارمان قىلىپ يۈرەتتى. بۇ توغرىلىق ئۆز

ۋاقتىدا مەسچىت مەدرىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن مالىك بالغابائىۋ «قەدىمىي ياركەنت ھەم ۋېلىباي مەدرىسىسى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا : « شەھەردىكى مۇسۇلمان زىيالىلىرى بىلەن ئاقساقاللىرى باش قوشۇپ، شەھەرنىڭ مەركىزىدە باشلانغۇچ دەرىجىدە بىلىم بېرىدىغان مەدرىسە سېلىش قارارىغا كەلدى. ئاخىرى 1887 ـ يىلى 20 ـ مايدا يەتتىسۇ گېنېرال ـ گۇبېرناتورىغا ياركەنت شەھرىدە يېڭى مەدرىسە سېلىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ كەلگۈسى مەدرىسىنىڭ بارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈشنى بويىنىغا ئالغان ياركەنت شەھرىنىڭ سودىگەرى، ئوتتۇز ياشلاردىكى ۋېلاخۇن يولداشېۋ ئىدى...» دەپ يازغان. شۇ ۋەجىدىن، بىر قىسىم تارىخچىلار ۋەلىباينى 1850 ـ يىللىرىدا دۇنياغا كەلگەن دەپ خاتا پەرەز قىلىشقان. چۈنكى، بۇ مەدرىسىنى سېلىشقا رۇخسەت ئالغان ۋە پۈتۈن چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەلىباي بۇ چاغدا ھەرگىزمۇ ئوتتۇز ياشلاردىكى ياش بالا ئەمەس، بەلكى ئەللىك ياشلاردىكى پىشقان پۇلدار ئادەم ئىدى.

ۋېلىباي يولداشوۋ ھەر تەرەپلىمە يېتىلگەن، پەم ـ پاراسەتلىك، ۋەتەنپەرۋەر شەخس بولغان. ئۇ يەنە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ چوڭ ھەسسە قوشقان ئىنساندۇر. مەسىلەن : ئۇنىڭ 1913 ـ يىلى ئالمۇتادا يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئەمەلىي سەنئىتى كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇرغانلىقى مەلۇم.

ھاياتى يېتىمچىلىك، كەمبەغەلچىلىكتىن باشلانغان ۋېلىباي يولداشوۋ ئۆزىنىڭ تەدبىرچانلىقى ۋە پەم-پاراستى بىلەن ئىلى، يەتتەسۇ تەۋەسىدىلا ئەمەس، چار روسىيىگىمۇ كەڭ تونۇشلۇق. 1892 ـ يىلى ئۇ « روسىيىنىڭ پەخرى پۇقراسى » ۋە « ئالىي پەزىلەتلىك سودىگەر » دېگەن پەخرىي ناملارغا سازاۋەر بولغان. ياركەنت شەھرىدىكى مەزكۇر نادىر مەدرىسە بىناسىنى سېلىشتىكى ئەمگىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا « ئاخۇنۇم » دېگەن شەرەپلىك ئاتاق بېرىلگەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يەتتەسۇدىكى ئەڭ پەم-پاراسەتلىك چوڭ بايلارنىڭ قاتارىدا تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان.

ۋېلىباي 1892 ـ يىلى ئومسكى شەھرى ئەتراپىدا پادىشاھ تەختىنىڭ مىراسخورى ياش نىكولاينى كۈتۈۋېلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان. كېيىنچىرەك سانكت ـ پېتىربورگقا بېرىپ ياش پادىشاھ نىكولاي 2 نىڭ ھوزۇرىدا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ يەنە كۆپلىگەن يۇقىرى دەرىجىلىك يىغىن، سورۇنلارغا قاتناشقان. پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قانچە ئوردېن ۋە مېداللىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان. مۇنداق چوڭ ئابرۇي ـ ئاتاقتا ئېرىشكەن ۋېلىباينى پۈتۈن يەرلىك خەلق « يېرىم پادىشاھ » دەپ ئاتاپ كەلگەنىدى.

ياركەنتنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا شەھەر بىلەن بىللە پەيدا بولغان كونا بىر قەبرىستانلىق بار. ئاسراشنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن بۇ چوڭ قەبرىستانلىق بارا ـ بارا مال ئايىغىدا چەيلىنىپ، خارابلىققا ئۇچرىغان ئىدى. قازاقىستان مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، تۈرلۈك ساۋابلىق ئىشلارغىمۇ مۇمكىنچىلىك يارىتىلغان. جۈملىدىن مەزكۇر قەبرىستانلىقمۇ تۆمۈر ـ بېتونلار بىلەن قورشىلىپ، ئىچى تازىلىنىپ رەتكە سېلىنغان ۋە كۆچەتلەر تىكىلگەن. مۇشۇ قەبرىستانلىققا ئاتاقلىق زاتلار دەپنە قىلىنغان. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كۆكتاللىق مۆتىۋەر تارىخچى ئوسمان ئاكىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ۋېلىباي، نىزامىدىن ئاخۇنۇم ۋە بىلال نازىملارنىڭ خارابلىققا ئۇچرىغان قەبرىلىرى تېپىلغان. قەبرە تاشلىرىنىڭ بىرىدىن «ۋېلىباي يولداش ئوغلى 1838 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1915 ـ يىلى ئىچىدە ۋاپات بولغان» دېگەن خەتلەرنى ئوقۇيسىز. دېمەك ئۇلۇغ زات ۋېلىباي يولداشوۋ ئۆزى بەرپا قىلغان يۇرتتا ۋاپات بولۇپ، مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. ئەۋلادلار بۇ بۈيۈك ئىنسان ۋېلىباي يولداشوۋنىڭ يۇرت، خەلقى ئۈچۈن قىلغان بەرپاكارلىق ئەمگەك ئەقىدىسىنى ئەمدىلەتتىن چۈشىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ۋېلىباي مەدرىسى ئالدىدىكى چوڭ كوچا ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى. ياركەنتتە ھەر يىلى ئۇنىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلىنىپ ھەر خىل پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ نامىغا يادىكارلىق ھەيكىلى ئورنىتىشمۇ ئوشۇقلۇق قىلمىغان بولار ئىدى. چۈنكى ياركەنت شەھىرىدە ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس ئىزلىرى قالغان.

شۇنىمۇ قوشۇپ ئېيتىش كېرەككى، ۋېلىباي يەنە باشقا ئىناۋەتلىك بايلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتتە بولۇپ، مەسلىھەتلىشىپ، بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىپ تۇرغان. جۈملىدىن غۇلجىلىق ئاتاقلىق ۋە پەم ـ پاراسەتلىك بايلار ئاكا ـ ئۇكا باۋۇدۇن ۋە ھۇسەن مۇسابايېۋلار بىلەن گېرمانىيە سانائەت شىركىتى ئارىسىدا تۈزۈلگەن شەرتنامە بويىچە غۇلجا شەھىرىدە كەلگۈسىدە سېلىنىدىغان زامانىۋى تېرە زاۋۇتىنىڭ جابدۇق ـ ئۈسكۈنىلىرى 1907 ـ يىلى تولۇق تەييار بولغان. ئاندىن تۆمۈر يول ئارقىلىق چار روسسىيانىڭ ئومسك شەھىرىگە يەتكۈزۈلگەن. ئاندىن ئۇ يەردىن پاروختا قاچىلىنىپ، ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈپ، قازاقىستاننىڭ شەمەي شەھىرىگە ئېلىپ كېلىنگەن. باۋۇدۇن باي ئۇنى شەمەيدىن ئارىلىقى مىڭ كىلومېتىردىن ئوشۇق كېلىدىغان ياركەنت شەھىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن بەك كاللىسى قاتقان. چۈنكى، نەچچە توننىلىق زاۋۇتنى بۇ يەرگە ئاپىرىدىغان تۆمۈر يولمۇ، دەريا يولىمۇ يوق ئىدى. شۇڭلاشقا، ۋەلىباي جابدۇقلارنى باسىدىغان ئەللىكتىن ئوشۇق ھەيۋەتلىك ئۆكۈز ھارۋىسى تەييارلىتىپ، ئۇلارغا زاۋۇت جابدۇقلىرىنى بېسىپ شەمەيدىن ياركەنتكە قاراپ يولغا چىققان. يىراقتىكى گېرمانىيەدىن كېلىۋاتقان يىگىرمىدىن ئوشۇق مۇتەخەسسىس ۋە يۈزدىن ئوشۇق ھارۋىكەشتىن تەركىب تاپقان بۇ چوڭ كارۋان ئاخىرى ياركەنتكە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ كەلگەن. ئۇلارنى ۋېلىباي يولداشېۋ، غۇلجىدىن كەلگەن ھۇسەنباي مۇسابايېۋ ۋە مىڭلىغان ياركەنتلىكلەر داغدۇغىلىق كۈتۈۋالغان. ۋەلىباي بۇ ئۆتۈۋقنىڭ شەرىپىگە چوڭ زىياپەت ئۇيۇشتۇرغان. بۇ

چاغدا، چار رۇسىيە گوبېرناتورى ۋەلىبايىنىڭ باۋۇدۇن بايغا نەسىھەت قىلىپ، زاۋۇتنى ياركەنتتە قۇرۇشقا قايىل قىلىشنى ئۆمىد قىلغان. لېكىن، بايلار ئۆز ئارا مۇڭدىشىپ، پۇختا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، باۋۇدۇن باي زاۋۇتنى ياركەنتتە ئەمەس، غۇلجىدا قۇرۇشقا چىڭ تۇرغان. ۋەلىبايمۇ بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ، ياركەنتتىن غۇلجىغا بارىدىغان يولنى زاۋۇت زاپچاسلىرىنى توشۇيدىغان هارۋىلارغا لايىق ياساپ چىقىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. چۈنكى، ياركەنت بىلەن غۇلجا شەھىرى ئارىلىقى يۇز چاقىرىمدىن ئوشۇق يول ئويمان - چوڭقۇر بولۇپ، سۈپىتى تولىمۇ ناچار ئىدى. ۋېلىباي بۇ يولنى لايىقىدا جۆندەش ئىشىنى هۆددىگە ئېلىپ، ياركەنت خەلقىنى مۇساپايېۋلارنىڭ بۇ تارىخىي ياخشى ئىشىغا ياردەملىشىشكە سەپەرۋەر قىلغان. ئۇلار بىر ئاي داۋامىدا قورغاسقىچە بولغان يولنى جۆندەپ ۋە كېڭەيتىپ ئوڭشىغاندىن كېيىن، زاۋۇتنىڭ چار رۇسىيەدىكى يول بۆلىكى تولۇق پۈتكەن. ئەمدى قورغاستىن غۇلجىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يولنى ياساشقا هۆسەنباي ئىلى دېھقانلىرىنى سەپەرۋەر قىلغان. ئۇلارمۇ دەل ۋاختىدا بۇ يولنىڭ مەزكۇر بۆلىكىنى تولۇق ياساپ پۈتتۈرگەن. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1909 - يىلى كۈز پەسلىدە زاۋۇت قۇرۇلۇشى تولۇق پۈتۈپ، ئىشقا كىرىشكەن. بۇ تەنتەنىگە ياركەنتتىكى ۋېلىباي يولداشېۋمۇ تەكلىپ قىلىنغان.

ۋەلىبايىنىڭ ئىناۋىتىنى يۈكسەلدۈرگەن يەنە بىر ئىشى شۇكى، ئۇ 1930 - يىللاردىكى ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز هاجىنى هىمايىسى ئاستىغا ئالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەلەم ماھارىتىنى پۇختىلىشىغا ياردەمچى بولغان. بۇنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى مۇنداق، مىلادىيە 1912 - يىلى 1 - ئايدا قومۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت تۆمۈر خەلىپە قاتارلىق ئۆزىگە قارشى سەرخىل ئادەملەرنى چېرىكلىككە ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەندە، ئۇلار يولدا تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قومۇلغا قايتىپ كېلىپ، شۇ يىلى كۈزگىچە شامەخسۇتنى يوقاتقىلى ئازلا قالغاندا، خوجىنىياز هاجىمۇ قوشۇنغا قوشۇلۇپ پەيدائىي بولغان ئىدى. 1913 - يىلى ئەتىيازدا مەزكۇر قوراللىق قوزغىلاڭ سۈلھى بىلەن تىنىچلانغاندىن كېيىن، خوجىنىياز هاجىم تۆمۈر خەلىپىگە نارازى بولۇپ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن ۋە تاغدىكى قوشۇنلارغا باش بولۇپ , بىر مەزگىل ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان. شۇڭا، ئۇ زامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالغان. 1913 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۆمۈر خەلىپە تۇڭگان غالىچا ما فۇشىڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شامەخسۇت بارلىق چارە- ئاماللار بىلەن هاجىمنى تۇتۇشقا كىرىشكەن. خوجىنىياز هاجىم ئىسمىنى ئىسھاق دەپ ئۆزگەرتىپ ئالتاي تەرەپكە كەتكەن. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەردىمۇ سېزىلىپ قېلىپ چۆچەككە كېتىپ ماموتباي دېگەن پۇلدار قازاقنىڭ ئۈۋچىسى بولۇپ نۇرغۇن قورال ياراق توپلىغان ۋە دالادا ئۇرۇش قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرگەن. قازاق بايمۇ بۆكەن مۈڭگۈزى توپلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قورال - ياراق ۋە ئوق - دورىنى تولۇق تەمىنلەپ بەرگەن. لېكىن، قېرى شامەخسۇت ۋاڭ خوجىنىياز هاجىمنىڭ چۆچەكتە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، توخسۇنلۇق نىيازنى ئالتايدىكى هاجىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. هاجىم

بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ نائىلاج چار رۇسىيەگە قاراشلىق ياركەنتكە قېچىپ كەتكەن. ئۇ ياركەنت شەھىرىدە ئىلگىرى قازاق مامۇتبايغا تەقدىم قىلىشقا ئۇلگۇرمەي قېلىپ ئۆزى بىللە ياركەنتكە ئېلىپ كەلگەن قىممەت باھالىق بۆكەن مۈڭگۈزىنى ۋەلىباينىڭ ئادەملىرىگە سېتىپ، ئۇلاردىن ئوۋ مىلتىقى سېتىۋالغان. ۋەلىباي پەقەت ئۇيغۇر ۋەتىنىدىنلا تاپقىلى بولىدىغان بۆكەن مۈڭگۈزىنى بىر كۆرۈپلا، بۇنى ساتقان ئادەمگە قىزىقىپ قالغان. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئادەملىرى خوجىنىياز ھاجىنى ۋەلىباينىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلگەن. ۋەلىباي ھاجىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجىغا داۋاملىق بۆكەن مۈڭگۈزى ھەدىيە قىلىش بەدىلىگە قورال - ياراق ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى كەڭ - كۇشادە تەمىنلەپ بەرگەن. خوجىنىياز ھاجىمۇ ۋەلىبايغا ھەر كۈنى بىر قانچە بۆكەن مۈڭگۈزى تارتۇق قىلىپ تۇرغان. شۇ تەرىقىدە، 1914 - يىلى 2 - ئايدىن تاكى شۇ يىلى 8 - ئايغىچە بۇ خىل ئەھۋال شۇ پېتى داۋام قىلغان. بىراق، 1914 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى تۈركىستان ئۆلكىسىدە رەسمىي ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكى ئېلان قىلىپ، ھەر بىر ئائىلىدىن بىر ئەرنى ئەسكەرلىككە ئېلىش بۇيرۇقىنى جاكارلىغان. بۇنىڭدىن كاتتا باي ۋەلىبايمۇ ساقلىنىپ قالالمىغان. ئۇنى بۇ غەمدىن خوجىنىياز ھاجى قۇتقۇزغان. چۈنكى، خوجىنىياز بۇ چاغدا ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ۋەلىباينىڭ ئوغلى ئورنىغا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا ئەسكەر بولۇشتا چەك تۇرۇش ئارقىلىق ھەم باينىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، ھەم 1930 - يىللاردىكى مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى ئالدىن تاۋلىماقچى بولغان. ۋەلىباي بۇ يىگىتنىڭ بۇنداق پىداكارلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا نەچچە قۇر قىممەت باھالىق يازلىق ۋە قىشلىق كىيىم ئىنئام قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە يولغا سالغان. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ۋەلىباي 1915 - يىلى تۇيۇقسىزلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن 26 ياشلىق خوجىنىياز يەنە ھامىيسىز قالغان. خوجىنىياز 1914 - يىلى 23 - ئاۋغۇستتىن تاكى 1917 - يىلى 22 - نويابىرغىچە بولغان ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە چار رۇسىيە ئارمىيىسى تەركىبىدە ھازىرقى شىمالىي ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانلىرىدا داڭلىق گېرمانىيە ئىمپېرىيىسى ۋە ئاۋسترىيە - ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسىگە قارشى چوڭ ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. شۇ يىلى كۈزدە پارتلىغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنلا ۋىلادىمىر لېنىن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئالدىنقى سەپتىكى چار رۇسىيە ئەسكەرلىرىدىن ھايات قالغانلىرى يۇرتىغا قايتۇرۇلغان. بۇ چاغدا ھامىيسى ۋەلىبايدىن ئاللىبۇرۇن ئايرىلىپ قالغان ۋە ئەمدىلا 28 ياشقا كىرگەن ياش خوجىنىياز تەۋەككۈلچىلىك بىلەن قرىم يېرىم ئارىلىدىكى تاتار ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ، 1918 - يىلى يازلاردا ھەجگە بارغان. ئۇ 1918 - يىلى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ، ھاجى دەپ ئاتالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى تاكى 1920 - يىلى 10 - ئاۋغۇستتىكى سېۋر كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن ئېنگلىز ۋە فرانسۇزلار ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئىشغال قىلىشقا باشلىغان چاغلارغا قەدەر ئىككى يىلدىن كۆپراك ۋاقىت ھەرەمدە تۇرۇپ قالغان. 1920 - يىلى كۈزدە ئۇ يەنە تەۋەككۈلچىلىك بىلەن سوۋېت رۇسىيەسى ئارقىلىق ياركەنتكە قايتىپ كەلگەن. ئۇ بىر نەچچە يىل

ۋەلىبايىنىڭ ئائىلىسى تەرىپىدىن قىزغىن كۈتۈۋېلىنغاندىن كېيىن، 1923 ـ يىلى ئىلىغا يوشۇرۇن قايتقان. ئىلىدا تۆت يىلدەك مەخپىي ياشىغاندىن كېيىن، 1927 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كەلگەن. 1928 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇن ئەشەددىي دۈشمىنى شامەخسۇت ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى تەرىپىدىن قومۇلغا تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. كېيىنچە، خوجىنىياز ھاجى 1931 ـ يىلى ئەتىيازدا قومۇلدا قوزغالغان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ سەردارىغا ئايلىنىپلا قالماي، يەنە تېخى 1933 ـ يىلى 12 ـ نويابىر كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىس جۇمھۇرلۇق مەنسىپىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، ۋەلىبايىنىڭ ئۇنى ھامىيلىقى ئاستىغا ئالغانلىقى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بەلكىم، شۇ چاغلاردا ۋەلىباي بۇ كىشىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى ئالدىن بىلەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، ۋەلىباي ئۇنى ئۆز ئوغلى قاتارىدا كۆرۈپ، ئەڭ يامان چاغلاردا ھاجىغا باشپاناھ بولغان ئىدى. بۇمۇ ۋەلىبايىنىڭ ئابرۇي ـ ئىناۋىتىنى كۆتۈرگەن ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

خۇلاسە قىلغاندا، ۋېلىباي يولداشېۋ ئۆزىنىڭ پەم ـ پاراستى، ھەرتەرەپلىمىلىك پائالىيىتى ۋە تەشكىللىي قابىلىيىتى تۈپەيلى ئىلى، يەتتىسۇ دائىرىسىدىلا ئەمەس، روسسىياگىمۇ كەڭ تونۇلۇپ، شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشتى. 1892 ـ يىلى ۋەلىباي يولداشېۋ « چار روسسىيانىڭ پەخرىي گىراژدىنى» ۋە «ئالىي گىلدىيالىك سودىگەر» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا سازاۋەر بولدى. مەدرىسنى سېلىشتىكى ئەمگىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ئاخۇنۇم» دېگەن نام بېرىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىلگىرىكى ۋېلى —— ۋېلىباي، ئاندىن ۋېلىئاخۇن يولداشېۋ ئاتىلىپ، ئىناۋەتلىك بايلارنىڭ قاتارىدا تىلغا ئېلىندى. ۋېلىباي 1892 ـ يىلى ئومسك شەھىرى ئەتراپىدا پادىشاھ تەختىنىڭ مىراسخورى، ياش نىكولاينى چوقانىنىڭ ئاتىسى چىڭغىز تۆرە بىلەن بىللە كۈتۈۋېلىش شەرپىگە مۇيەسسەر بولدى. سانكت ـ پېتېربۇرگقا بېرىپ، پادىشاھ ئىككىنچى نىكولاينىڭ ھوزۇرىدا بولۇش شەرىپىگىمۇ ئېرىشتى. كۆپلىگەن يۇقىرى دەرىجىلىك يىغىن ـ سورۇنلارغا قاتناشقان. ئۇ يەنە چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ بىرقانچە ئوردېن ۋە مېداللىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان. مۇنداق چوڭ ئابروي ـ ئاتاقنى يەتكەن ۋېلىباينى يەرلىك خەلق «يېرىم پادىشا» دەپ ئاتاشقان ئىدى. بۇنداق ئاتاقنى بۇرۇن چار رۇسىيەنىڭ تۇنجى گېنېرال گوبېرناتورى كاۋفمانلا سازاۋەر بولالىغان ئىدى. كاۋفمان چار پادىشاھ بەرگەن چەكسىز سىياسىي سالاھىيەت بىلەن غەربىي تۈركىستاندا يېرىم پادىشاھ دەپ ئاتالغان بولسا، ۋەلىباي ئۆزىنىڭ خەلقى ئالدىدىكى ھۆرمىتى ۋە قولىدىكى غايەت زور بايلىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ، غەربىي تۈركىستاندا يېرىم پادىشاھ دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ يەتتە سۇنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشى، يەتتە سۇنى مەركەز قىلغان بىپايان جايلارنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنىگە ئايلاندۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ۋە خوجىنىياز ھاجىدەك قەھرىمانلارغا باشپاناھ بولۇشنى شەرەپ دەپ قارىغىنىنى ئۇيغۇر خەلقى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق.

ئامېرىكا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تايلاند ئەمەلدارلىرىغا ۋىزا جازاسى يۈرگۈزدى

مىخائىل مارتىنا، داۋىد برانستروم

ئامېرىكا تايلاندنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن تايلاند ئەمەلدارلىرىغا ۋىزا جازاسى يۈرگۈزدى

مىخائىل مارتىنا ۋە داۋىد برانستروم

(2025-يىلى، 15-مارت، رويتېرس ئاگېنتلىقى خەۋىرى)

قىسقىچە مەزمۇنى:

ئالدىنقى ئايدا تايلاند ھۆكۈمىتى قىرىق ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرى بۇ قىلمىش ھەققىدە «ساقلانغىلى بولمايدىغان زىيانكەشلىك»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، دېدى.

ئامېرىكا بىلەن كانادا ئۇيغۇرلارنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق، تايلاند خىتاينى بىئارام قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى.

تايلاند تاشقى ئىشلار مىنىستىرى: خىتاي تايلاندقا خىتايغا قايتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كاپالىتى بەردى، دېدى.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ماركو رۇبىيو (Marco Rubio) جۈمە كۈنى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە رول ئوينىغان تايلاند ئەمەلدارلىرىغا قارشى ئامېرىكانىڭ جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. ۋاشىنگتون، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم سالىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى مۇناسىۋەتلىك جاكارنامىلىرىدىن بىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئامېرىكا، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىلارنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىش جەھەتتە ھەر قايسى ھۆكۈمەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىشىگە قارشى كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئۇلار خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلسە قىيىن-قىستاققا ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا كۆزدىن غايىپ بولۇپ كېتىش قىسمىتىگە دۇچار بولىدۇ.»

ئامېرىكا، ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە چېتىشلىقى بولغان تايلاند ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزۈش ئارقىلىق تايلاندنى ۋە باشقا دۆلەتلەرنى ئۇيغۇرلارنى بۇ خىل شەكىلدە خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئۇزاق تۇرۇشنى نىشانلىغان.

گەرچە ئامېرىكا ئۆتمۈشتە تايلاندقا — ھەربىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن تايلاندقا ھەربىي ياردەم بېرىشنى توختىتىش، شۇنداقلا ئۇچىنچى دۆلەتكە قارىتىلغان جازا ماددىلىرىغا خىلاپلىق قىلغان تايلاندلىق شەخس ۋە شىركەتلەرگە جازا يۈرگۈزۈش قاتارلىق — جازالارنى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، مەلۇم بىر نوپۇزلۇق شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا مۇتەخەسسىسى تەيۋەننىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ جازالىنىپ باققىنىنى ئەسلىيەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ماركو رۇبىيونىڭ باياندىمۇ شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرى بېرىلمىگەن.

تايلاندنىڭ بۇ يىل (يەنى 2025-يىلى) ئىككىنچى ئايدا ئۆز دۆلىتىدە ئون يىلدىن بېرى تۇتۇپ تۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ «ئۇلار خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن تەقدىردە قىيىن-قىستاققا ئۇچرايدۇ ۋە مۇتلەق رەۋىشتە زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىدىن كېيىن يۈز بەردى.

رويتېرس ئاگېنتلىقى مۇشۇ ئايدا تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتقان 48 ئۇيغۇرنى كانادا ۋە بىلەن ئامېرىكانىڭ باشقا دۆلەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. لېكىن، تايلاند ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ چىشىغا تېگىشتىن ئەنسىرەپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قىرىق ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەن.

ماركو رۇبىيو مۇنداق دېگەن: «27-فېۋرال كۈنى قىرىق نەپەر ئۇيغۇرنى مەجبۇرىي رەۋىشتە خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشكە چېتىشلىقى بولغان ئىلگىرىكى ۋە نۆۋەتتىكى تايلاند ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ۋىزا چەكلىمىسى قويۇش ئارقىلىق، تايلاند ئەمەلدارلىرىنى جازالاش سىياستىنى دەرھال يولغا قويىمەن.»

ماركو رۇبىيو يەنە مۇنداق دېگەن: «خىتاينىڭ ئۇزۇن زاماندىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشىرى ۋە ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلىشى سەۋەبلىك، بىز دۇنيادىكى ھەر قايسى ھۆكۈمەتلەرنى، ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىلارنى خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرۇپ بەرمەسلىككە چاقىرىمىز.» ماركو رۇبىيو سۆزىدە يەنە، تايلاند ئەمەلدارلىرىغا قويغان ۋىزا چەكلىمىسى شۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان.

تايلاند شەنبە كۈنى جاۋابەن ئۆزىنىڭ خىتايدىن «قايتۇرۇلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىخەتەرلىكى توغرىسىدا كاپالەت ئالغانلىقى»نى، تايلاند تەرەپنىڭ بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئامان-ئېسەنلىكى جەھەتتە ئۈلارنىڭ ئەھۋالىنى تەقىپ قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

تايلاند تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مۇنداق دېگەن: «تايلاند دائىمىي رەۋىشتە ئىنسانپەرۋەرلىك ئەنئەنىلىرىگە رىئايە قىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ يۇرت-ماكانسىز كىشىلەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇشتا شۇنداق قىلىپ كەلدى.» تايلاند تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سۆزىدە يەنە ئامېرىكا بىلەن بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى قوشۇمچە قىلدى.

بۇ ھەپتە ياۋروپا پارلامېنتىمۇ تايلاندنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنى ئەيىبلەپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنى ئەركىن تىجارەت كېلىشىمى مۇزاكىرىلىرىنى كەلگۈسىدىكى بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ توختىتىلىشى ئۈچۈن بىر پىشاڭ قىلىپ قوللىنىشقا چاقىردى.

ۋاشىنگتون ئىستراتېگىيە ۋە خەلقئارالىق تەتقىقات ئەقىل ئامبىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا مۇتەخەسسىسى مۇراي ھىبېرت (Murray Hiebert) ئۆزىنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆتمۈشتە تايلاند ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى جازالىغانلىق تارىخى بارلىقىنى ئەسلىيەلمەيدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى.

مۇراي تايلاندنىڭ تەنقىدلەرگە سەزگۈر مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، بىراق پرزدېنت دونالد ترامپنىڭ ئامېرىكا بىلەن قويۇق سودا-تىجارەت مۇناسىۋىتى بار دۆلەتلەرگە تاموژنا بېجىنى ئاشۇرۇش بىلەن قوقاق سېلىشى سەۋەبلىك، تايلاندنىڭ ئامېرىكانىڭ تەنقىدىگە يۇۋاشلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئانالىزچىلار ۋاشىنگتوننىڭ ئۆتمۈشتە تايلاندقا ئېغىر چارە قوللىنىشتىن ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنى، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ ئەگەر ئامېرىكا تايلاندقا ئېغىر چارە قوللىنىش يولىنى تۇتقان تەقدىردە، تايلاندنىڭ خىتايغا يېقىنلىشىپ كېتىشىگە يول ئاچىدىغانلىقى يۈزىسىدىن ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشتى. ۋاشىنگتوندىكى ئۇيغۇرلارنى قوللاش ھەرىكىتى تەشكىلاتى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى تايلاند ئەمەلدارلىرىغا قاراتقان جازاسى ھەققىدە توختىلىپ، «بۇ جازا خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشىغا ھەمدە بولغانلارغا ئۆزى ئىشلىگەن جىنايەتنىڭ بەدىلىنى تۆلەيدىغانلىقى ھەققىدە كۈچلۈك ئۈچۈر بەردى» دېدى.

رۇبىيو ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ئەزاسى بولغان مەزگىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى ناھايىتى كۈچلۈك رەۋىشتە قوغدىغان؛ بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان مۇئامىلىسىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ جاكارلىغان. ئامېرىكا ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمىيەت دەۋرى ئاخىرلىشىشقا بىر كۈن قالغاندا، تۇنجى بولۇپ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنكاسنيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ ئاتىغان.

خىتاي بولسا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلدى، ئۇلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالدى، دېگەن ئەيىبلەشلىرىنى رەت قىلىپ، تېررورىزىمنى، بۆلگۈنچىلىكنى ۋە دىنىي ئاشقۇنلۇقنى چەكلەش ئۈچۈن يېقىنقى يىللاردا (شەرقىي تۈركىستاندا) «كەسپىي تەربىيىلەش مەركەزلىرى»نى قۇرۇپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى ئاقلاپ كەلدى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.reuters.com/world/us-sanction-thai-officials-over-deportation-uyghurs-china-2025-03-14/

بىرىنچى دەرس

ھەبىبۇللا ئابلىمىت

بىرىنچى دەرس

(«مەسئۇت ئەپەندى» ناملىق رومانىدىن ئارىيە)

ھەبىبۇللا ئابلىمىت

ئۈچدەرۋازدىكى ئۈمىد مەكتىپىنىڭ قورۇسىدا ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق ئالتە ئېغىزلىق سىنىپ ۋە ئىككى ئېغىزلىق دوختۇرخانىدىن تەركىب تاپقان يېپيېڭى بىناسى قەھرىتان قىشنىڭ ئادەمنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقان قاننى توڭلىتىۋېتىدىغاندەك سوغۇقىدا بەھەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. كىرپىكلىرى قىروۋ باغلاپ، ئىككى مەڭزى بويىۋالغاندەك قىزىرىپ كەتكەن ئۈمىد مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىۋاتقاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە مۇخالىپ كېلىدىغان بارلىق ئويلىرىنى سىرتقا تاشلاپ قويغان ئىدى. خىش ياتقۇزۇلغان يوللاردىكى قارلار پاكىز ئادالىۋېتىلگەن بولۇپ، مەكتەپ قورۇسىنىڭ باغچىسى، يېڭى تىكىلگەن ئاق چېدىرلاردەك دۆۋە ـ دۆۋە قارلار بىلەن تولغان ئىدى. ئۈستىگە ياغقان قارلارنى كۆتۈرەلمەي شاھلىرى ئېگىلىپ، غولىرى قارغا كۆمۈلۈپ كەتكەن سېرىق تاشئالما كۆچەتلىرى بولسا، گويا دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى قارشى ئېلىپ، ئاپئاق قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ سالام بېرىۋاتقان پەرىشتىلەرگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. كارىدورنىڭ ئىچى ھۆپپىدە ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ، سىرتتىن مۇزلاپ كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈزىگە كېلىپ ئۇرۇلغان ئىسسىق ئېقىم، باللارنىڭ مۇزلاپ ئۈيۈشۈپ كەتكەن ۋۇجۇدىغا جان قېتىۋاتاتتى. كارىدوردىكى رەتلىك كىيىنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ۋە بېغىررەڭ سىرلىرى پارقىراپ تۇرغان پولنىڭ غىچىرلاشلىرى تام مەشلەردە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ، بۇ يەردە يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلانغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان مەكتەپ باللىرى، مۇئەللىملەرنىڭ يېقىملىق قاراشلىرى ۋە بەزى باللارنىڭ ئۆزئارا قايسىبىر ئاجايىباتلار ھەققىدە پىچىرلىشىۋاتقانلىقى، كېيىن بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى كارىدورنى تېخىمۇ قىزىتىۋەتكەن

ئىدى. مانا ئەمدى دەرسكە قوڭغۇراق چېلىش بىلەن تەڭ، باللارنىڭ ھەممىسى گويا يىراقتىكى چېچىلغان داننى كۆرۈپ، گۇررىدە شۇياققا ئۇچقان قۇشقاچلاردەك، ئۆز سىنىپلىرىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىشتى. ئەمدى كارىدوردا تامەشتە گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان كومۇرنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز قالمىغان ئىدى. مەسئۇت ئەپەندى ئۇچۇن بۇگۈن ھەقىقەتەن ئالاھىدە بىر كۈن ئىدى. مۇشۇ كۈن ئۇچۇن قانچىلىك يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغانلىقى پۈتۈن ئىلى خەلقىگە ئايان ئىدى. ئۇ، سىنىپقا كىرگەندە تۇخۇم سېرىقىدا سىرلانغان يېپيېڭى ياغاچ پارتىلاردا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى، پارتىنىڭ شانۇرلۇق قاپقىنى قايرىپ تۇرۇپ، ئورۇنلىرىدىن دەس تۇردى ۋە «سالام مۇئەللىم» دەپ، ھەممىسى بىردەك سالام بەردى. بوي - تۇرقى قىرقىپ قويغاندەك تەكشى باللارنىڭ سالىمىغا «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب قايتۇرغان مەسئۇت ئەپەندى، باللارنى ئولتۇرۇشقا ئىما قىلدى. پارتىنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان باللارنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگەن مەسئۇت ئەپەندى، ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى دەرسىنىڭ تېمىسىنىڭ «مەرىپەت» توغرىسىدا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ دەرسنى باشلاپ كەتتى. ئۇ سۆزلىرىنى مۇنداق جۈملىلەر بىلەن باشلىدى:

-ئەسلىدە دەرس جەدۋىلى بويىچە ھازىرقى دەرس سائىتى ئەدەبىيات دەرسىگە ئائىت ئىدى. ئەمما بۈگۈن مەكتىپىمىز پۈتۈپ، ئوقۇش باشلىغان بىرىنچى مەۋسۇمنىڭ بىرىنچى دەرس بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سائەتلىك دەرسنى نوقۇل ئەدەبىيات ھەققىدە سۆزلەشتىن بۇرۇن مەرىپەت توغرىسىدا ئازراق سۆزلەشنى ئۇيغۇن كۆردۈم. «مەرىپەت» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «كىشىلەرنىڭ ئاڭ - سېزىمىنى، بىلىمىنى، مەدەنىيىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم - تەربىيە، ئوقۇ - ئوقۇتۇش؛ مائارىپ» دېگەنلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇ دۇنيادا مەرىپەتكە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان خەلق بىز. ئىنسان پەقەت مەرىپەت ئارقىلىق يەنى تەلىم - تەربىيە، مائارىپ ئارقىلىقلا ئۆزىدىكى تۇغما ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەپەككۇر كۈچىنىڭ قۇۋۋىتى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ ۋە بۇ دۇنيانىڭ قاتمۇ- قات سىرلىرىنى يېشىپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە شۇ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بولۇپمۇ بىزدەك ئارقىدا قالغان مىللەتلەر ئۈچۈن مەرىپەتچىلىك ھەممىدىن مۇھىم. بىز پەقەت ئىلغار مائارىپ ئارقىلىقلا ھازىرقى زامان لايىق كېلىدىغان بىلىملەرگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى رېئال دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش قابىلىيىتى ئىگە بولالايمىز. مەرىپەتچىلىك بىزنى ساددىلىقتىن، نادانلىقتىن، دۆتلۈكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، مەۋجۇت ئىجتىمائىي جەمئىيىتىمىزنى ئۆزگەرتىش يولىغا باشلايدۇ. گېرمانىيەنىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپى، گېرمان مىللىتىنىڭ ھازىرقى زامان ئىلغار مائارىپىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزغۇچىسى ئىممانۇئەل كانت(1724 - 1804) مۇنداق خىتاب قىلىدۇ «بىلىشكە جۈرئەت قىل! ۋە ئۆزۈڭدە ئەقلىڭنى ئىشقا سالىدىغان جاسارەت بولسۇن!». سىلەردىمۇ

گېرمانلاردەك بىلىشكە، ئۆگىنىشكە، ئىزدىنىشكە ئىنتىلىدىغان جۈرئەت بولسۇن! ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ ئەقلىنى ئىشلىتىشكە جاسارەتىڭلار بولسۇن! سىلەردە جۈرئەت ۋە جاسارەت بولسىلا مانا مۇشۇ ئانا مەكتىپىڭلار سىلەرنىڭ بىلىم ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ۋە ئەقىل - ئىدراكىڭلارنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. ئۈمىد مەكتىپى سىلەردەك جۈرئەتكار بالىلارنى مەرىپەتچىلىكنىڭ يولىغا باشلاش ئارقىلىق، ساددىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ يەنى باشقىلارنىڭ قولىغا قارىمايمۇ، ئۆز تەپەككۇر كۈچۈڭلارغا تايىنىپ بىر ئىشنى باشقا ئەچىقالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىدۇ. ئىككى ئەسىردىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز مەرىپەتچىلىككە سەل قارىغانلىقى سەۋەبىدىن، تەپەككۇر قىلىشتىن قورقىدىغان توخۇ يۈرەكلەردىن بولۇپ قالدى ۋە بۇ سەۋەبتىن باشقىلار يول كۆرسەتمىسە، ئۆز يولىمىزنى تېپىپ ماڭالمايدىغان هالغا چۈشۈپ قالدۇق. ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى تەپەككۇر ھۇرۇنلۇقىدۇر. تەپەككۇر ھۇرۇنلۇقى ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتتە، جىسمانىي ھۇرۇنلۇق تەبىئىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. نەتىجىدە پۈتۈن بىر مىللەت ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بوھران ئىچىدە قالىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتنىڭ ئاۋام - خەلق داۋاملىق ئۆزىگە بىر «قۇتقۇزغۇچى» ئىزدەيدۇ. بۇنداق ئاتالمىش «قۇتقۇزغۇچى»لار كېلىپ ئاشۇ تەپەككۇر ھۇرۇنلۇقىغا پاتقان مىللەتنى مەڭگۈ قۇل قىلىدۇ. ئەگەر بۇنداق قۇل قىلىنغان مىللەتلەر ئىچىدىن چىققان مەرىپەتپەرۋەرلەر مەرىپەتچىلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، خەلقنى مەرىپەتچىلىك يولىغا باشلىسا، چوقۇم شۇ جەمئىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاتالمىش «قۇتقۇزغۇچى»لار ۋە ئۇلارنىڭ قول - چوماقچىلىرى ئۇلارغا قارشى چىقىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. ئەمما، بىز مەرىپەتپەرۋەرلەر بۇنداق تەھدىت ۋە زۇلۇمغا باش ئەگمەپ قالمايمىز، چۈنكى ئارقىمىزدا سىلەردەك مەرىپەتنى ياقلىغۇچى، كۆزلىرىنىڭ ئىچى ئۈمىد بىلەن تولغان يېڭى بىر نەسىل يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. سىلەر پەقەت مەنىۋى جەھەتتىن ساغلام روھقا ئىگە بولۇپ تەربىيەلىنىپ قالماستىن بەلكى يەنە جىسمانىي جەھەتتىنمۇ ساغلام بەدەنگە ئىگە بولۇشۇڭلار كېرەك. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاناتومىيەلىك قۇرۇلمىسىغا دىققىتىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئادەم بەدىنىنى تىك تۇتۇپ تۇرىدىغان ئۇستىخاندىن 200، مۇسكۇلدىن 400 بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئومۇرتقىنى ئاساس قىلىپ ئورۇنلاشقان. ھەتتا كاللىمىزنى ئىشلىتىشنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدىغان 20 مۇسكۇل بار. ئومۇرتقىنىڭ ئىشلىشى بىلەن تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدىغان 144 مۇسكۇل بار. ئۇستىخان ۋە مۇسكۇللارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىش نەتىجىسىدە بىز تىك تۇرۇمىز ۋە نورمال ھەرىكەت قىلىمىز. شۇ ۋەجىدىن بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇستىخان ۋە مۇسكۇللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئاسراش ئۈچۈن تەنتەربىيە دەرسلىرىنى تەسىس قىلدۇق. تەنتەربىيە دەرسلىرىدە يالغۇز گىمناستىكا دەرسلىرىلا ئۆتۈلۈپ قالماي يەنە ھەربىي تەلىم - تەربىيە دەرسلىرىمۇ ئۆتىلىدۇ. چۈنكى ھەربىي تەلىم -تەربىيە سىلەردەك ياشلارنى ئىنتىزامچان، رەتلىك، بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىدىغان ۋە ئىرادىلىك، جەسۇر قىلىپ تەربىيەلەش بىلەن بىرگە يەنە ئادەتتىكى قوراللارنى ئېتىشنىمۇ ئۆگىتىدۇ. ياش چاغلىرىڭلاردىن تارتىپ ئۆزۈڭلارنى جىسمانىي جەھەتتىن

تەربىيەلەپ، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئەڭ مۇھىمى روھىڭلارنى تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈسىلەر. سىلەر ساغلام بەدەنگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، ساغلام روھقىمۇ ئىگە بولۇشۇڭلار لازىم. ساغلام تەنگە تەنتەربىيە ۋە ھەربىي تەلىم ـتەربىيە بىلىملىرى ئارقىلىق ئېرىشسەڭلار، ساغلام روھقا ئەدەبىيات، تارىخ ۋە پەلسەپە دەرسلىرى ئارقىلىق ئېرىشىسىلەر. بولۇپمۇ ئەدەبىيات ئىنسان روھىنىڭ ئوزۇقى. چۈنكى ئەدەبىيات ھەم بىر پەن ھەم بىر سەنئەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىزنى ساغلام روھقا ئىگە قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ. مىللىي ئەدەبىيات شۇ مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدىكى ئەڭ گۈزەل ئەدەبىي تىل بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ روھىغا خىتاب قىلىپ، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى، تارىخىنى، پىسخىكىسىنى، قىممەت قارىشى، پەلسەپەسىنى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى، ئومۇمەن شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېستېتىك بىر شەكىلدە ئىپادىلەيدىغان پەن ۋە سەنئەت. بولۇپمۇ بىزدەك ئاسارەت ئاستىدىكى مىللەتلەر ئۈچۈن مىللىي ئەدەبىيات قاراڭغۇ تۈندىكى بىباھا چولپان. بىز پەقەت مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپلا ئۆز خەلقىمىزنى ئويغىتالايمىز، ئۆزگە ئۆزنى تونۇتالايمىز، ئۇلارنىڭ ئېڭىغا خىتاب قىلىپ تۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە مىللىي روھنى تىرىلدۈرەلەيمىز. ئەدەبىيات ۋاقتى كەلگەندە پۈتۈن بىر قوۋمنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدۇ. ئەدەبىيات مەتىنلىرى ئۇدۇل ئىنساننىڭ تىلى ۋە روھىغا خىتاب قىلىدۇ. ئەدەبىياتى كۈچلۈك تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ تىلى كۈچلۈك بولۇش بىلەن بىرگە يەنە پەلسەپەسىمۇ تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. پەلسەپە ئەدەبىياتنىڭ ۋاستىسى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. ئەدەبىياتى كۈچلۈك بولمىغان مىللەت پەلسەپە بولمايدۇ. پەلسەپەسى بولمىغان مىللەت تەرەققىي قىلالمايدۇ. بۇنداق مىللەت زور بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولمايدۇ. پەلسەپىسى يوق مىللەت مەنتىقلىق تەپەككۇردىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ، ئەقلىنىڭ كۈچىنى توغرا، يېتەرلىك جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى پەلسەپەسى بولمىغان بىر مىللەت دۆلەت قۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات دۆلەت قۇرۇش ئاساسى ئۇلى سالغۇچى پەن. ئەدەبىيات بىر مىللەتنىڭ ئۇلى بولغان كۇلتۇرنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى. بىر پۈتۈن كۇلتۇر بولمىغان مىللەت مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. مىللەت بولمىسا يەنە دۆلەت بولمايدۇ. يەنە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك پەلسەپە بولمىسا كۈچلۈك مىللەت بولمايدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا ئەدەبىيات دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئۇلىنى سالغۇچى بىردىنبىر پەن. ئەدەبىيات بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئەدەبىيات بۇ ئالەمنىڭ گۈزەل بىر ئالەم ئىكەنلىكىنى بىزگە ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەقىل كۆزىمىزدىكى پەردىلەرنى قايرىۋېتىپ ھەقىقىي ماھىيەتنى بىزگە ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇ بىزگە دوستنى سۆيۈشنى، دۈشمەنگە نەپرەتلىنىش ئۆگىتىدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدىكى دىيالوگنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشنى، كۆيۈنۈشنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئىزدىنىش يولىغا باشلاپ، ئىجادچانلىق روھىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. ئۇ بىزگە قانداق ئادەم بولۇشنى، دۇنيانى قانداق تونۇشنى ۋە قانداق سۆيۈشنى شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزنى قانداق بىلىشنى، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئەدەبىيات يەنە بىزدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى

ئويغىتىپ، ئۇستىمىزگە مىللەتنىڭ يۈكىنى ئالالايدىغان قىلىپ تەربىيەلەيدۇ ۋە روھىمىزغا، ئېڭىمىزغا خىتاب قىلىپ ۋەتەن ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىش روھىنى ئۆگىتىدۇ. مەن ئۆزۈم تەبىئىي پەن ئوقۇغان بىر زىيالىي بولساممۇ، نېمىشقىدۇر ئۆز مىللىتىمنىڭ رېئال دۇنياسىغا قاراپ، ئۆزۈمدە ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىش قوزغالغان. بولۇپمۇ ئىستانبۇلدىكى چاغلىرىمدىن تارتىپلا دۇنيادىكى مەشھۇر رومانلارنى ئوقۇشقا باشلىغان ئىدىم. ھازىر ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن سىلەرگە ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرۈپ ئوقۇغان، فىرانسىيەلىك داڭلىق يازغۇچى ئالېكساندىر ديۇمانىڭ دۇنياغا مەشھۇر«گىراف مونتىي- كرىستو»ناملىق رومانى ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بېرەي. مەن ئالدى بىلەن «رومان»دىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمغا قىسقىچە ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەسلى تېمىنى داۋاملاشتۇراي. مېنىڭ پەرىزىمچە بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز تېخى رومان يېزىپ باقمىدى. رومان بولسا ھەجمى ناھايىتى چوڭ، مۇرەككەپ ۋەقەلىكلەرنى ھېكايە شەكلىدە بايان قىلىپ يازىدىغان ئەدەبىي ئەسەردۇر. روماندا ۋەقەلىك، پېرسوناژ، ماكان ۋە زامان بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن بىزنىڭ داستانلىرىمىزغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن قەلىمى پىشقان قەلەمكەشلا رومان يازالايدۇ. ياۋروپا ئەدەبىياتىدا بىر قەلەمكەش رومان يازغاندىلا ئاندى يازغۇچى ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى كونكرېت ئادەم ۋە كونكرېت ۋەقەنى ئاساس قىلىپ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىدۇ ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ رومانىدىكى قەھرىمانلىرىنى تىپىكلەشتۈرۈپ، تىرىك ۋە جانلىق قىلىپ ئىپادىلەش ئارقىلىق بەلگىلىك ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئۆز رومانىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. روماندا ھاياتتا يۈز بەرگەن ۋە ياكى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقەلەرنى يازغۇچى توقۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇرى قانچىلىك كۈچلۈك، قانچىلىك كەڭ ۋە قانچىلىك مول بولسا، رومانىنىڭ مەزمۇنى مول، بەدىئىيلىكى شۇنچىلىك يۇقىرى بولىدۇ. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، مەن «گىراف مونتىي - كرىستو»ناملىق رومانىنىڭ فىرانسۇز تىلىدىكى ئەسلى نۇسخىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق بىلىمنىڭ يالغۇز كۈچ بولۇپ قالماي بەلكى ئۇنىڭ ئىنسانغا ئەركىنلىك ئەكېلىدىغان بىردىنبىر قورال ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدىم. بۇ رومانىنىڭ باش قەھرىمانى ئېگىز بويلۇق، قامەتلىك، چىرايلىق، قارا كۆزلۈك ۋە قۇندۇزدەك قارا چاچلىق 19 ياشلىق يىگىت ئېدمون دانتېس بولۇپ، ئۇ«فىراۋن»ناملىق يۈك توشۇغۇچى كېمىنىڭ ئورۇن باسار كاپىتانى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەپتى - تۇرقىدىن، بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا خەۋپ - خەتەر بىلەن كۈرەش قىلىپ ئادەتلەنگەن كىشىلەرگە خاس خاتىرجەملىك ۋە جەسۇرلۇقتىن دالالەت بېرىپ تۇرىدىغان ئالامەتلەر بالقىپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئۇ ناھايىتىمۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا يىگىت. ھەمدە ئۇ، بارلىق يىگىتلەرگە خاس بولغان ئىشق-مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن سۆيگۈسىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە ئالدىرايدۇ. ناھايەت قاپقارا مەخمەلدەك كۆزلەرگە ئىگە، گۈزەللەر گۈزىلى 17 ياشلاردىكى سۆيگۈسى مېرسېدېس بىلەن 1815 - يىلى 28 - فېۋرال كۈنى نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن ئىدى. ۋەھالەنكى، مۇشۇنداق بەختلىك بىر كۈندە، بەختسىزلىك بۇ ئىككى ياشنىڭ تەقدىرىنى ئاستىن ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. ئۇشبۇ بەختسىزلىك بولسا، نىكاھ مۇراسىمىدا يىگىتنى ساقچى

ئەمەلدارى قولغا ئالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ «فىراۋن» ناملىق كېمىسىنىڭ كاپىتانى بولۇشىنى كۆرەلمىگەن كېمىنىڭ بوغالتىرى 25 ياشلاردىكى كۆرۈنۈشى خېلىلا سۆرۈن، ئۆزىدىن ئۈستۈنلەرگە خۇشامەت، قول ئاستىدىكىلەرگە قوپاللىق قىلىدىغان دانگلار بىلەن مېرسېدېسنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ پۇچۇلىنىپ يۈرگەن قارا كۆزلۈك، قىزىل يۈزلۈك، قارا چاچلىق، ئاچچىقى يامان، قاۋۇل 21 ياشلاردىكى فېرناننىڭ چېقىمچىلىق قىلىشىدىن ئىبارەت يوشۇرۇن سۇيىقەستكە ئۇچرايدۇ. يەنى ئېدمون، «پادىشاھقا ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغان ئېلبا ئارىلىغا پالانغان ناپالېئوننىڭ خەت ئالاقىچىسى» دېگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ. ژاندارمىلار ئېدموننىڭ ئىككى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئېلىپ ماڭغاندا، سۆيگۈسى مېرسېدېسنىڭ كۆزلىرىدىن ئوق تەگكەن كېيىكنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشتەك تارام - تارام ياشلار تۆكۈلىدۇ ۋە ناله قىلىپ نىدا قىلىدۇ. يىگىت گوياكى ئۆز نىگارىنىڭ يۈرەك - باغرىنى يىرىپ چىققان بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئاھۇ- زار ساداسىنى ئاڭلاپ، پەيتوننىڭ پەنجىرىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ «خەيرى - خۇش مېرسېدېس» دەپ، ۋاقىرىغان پېتى كېتىپ قالىدۇ. ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان پەيتوننىڭ ئارقىسىدىن قىز: «خەيرى - خۇش، داستېس! خەيرى - خۇش ئېدمون!» دەپ، ناله قىلىپ قالىدۇ. ئېدمون سوراق خانىدا، تەپتىش ئەمەلدارى ۋىلفورنىڭ ئالدام - خالتىسىغا چۈشىدۇ. چۈنكى ئېدمونغا چاپلانغان جىنايەتكە، ئۇنىڭ دادىسىمۇ چېتىلىپ قالغان ئىدى. مانا بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئۈركۈپ كەتكەن تەپتىش ئەمەلدارى ئاقكۆڭۈل يىگىتنى ئالداپ، ئۇنى ئەڭ ئېغىر سىياسىي جىنايەتچىلەرنى پالايدىغان، كەتسە كەلمەيدىغان سىرلىق ئارالدىكى ئىپ قەلئەسىگە مەھكۇم قىلىدۇ. ئېدمون بۇ مۇستەھكەم سېپىللار بىلەن قورشالغان سىرلىق قەلئەدىكى قاراڭغۇ زىنداندا 14 يىل ياتىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئوتلۇق سېغىنىش بىلەن ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، ئازابلىق ئىڭراپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە خىرقىرىغان ئاۋازى بىلەن قايتا - قايتا قىزنىڭ نامىنى تىلغا ئالىدۇ. قىش كۈنلىرى سوغۇقتىن تىترەپ گۇندىخانىدىكى پاخال ئۈستىدە تۈگۈلۈپ يېتىپ،«مېرسېدېس!» دەپ، قىزنىڭ ئىسمىنى تەكرارلايدۇ. ياز كۈنلىرىدىكى تىنچىق ئىسسىقلاردا ھالىدىن كېتەي دەپ تۇرۇپمۇ، گۇندىخانىنىڭ تاشلىق يېرىدە ئېغىناپ تۇرۇپ، بۇ ئىسمىنى ياد ئېيتىدۇ. «ھەر بىر يامان ئىشتا، بىر ياخشىلىق بار» دېگەندەك، بۇ زىنداندىن قېچىشنى پىلانلاپ، يەر ئاستى تونېل قازغان «ساراڭ» لەقەملىك بوۋاي ھەزرەت بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. چۈنكى ھەزرەتنىڭ قازغان تونېلىنىڭ ئۇچى ئېدموننىڭ گۇندىخانىسىدىن چىقىدۇ. يالغۇزلۇقنىڭ دەستىدىن ئەقلىدىن كېتەي دەپ قالغان ئېدمون بوۋاينى كۆرۈپ، قۇتقۇزغۇچى پەرىشتىنى كۆرگەندەك خوش بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر- بىرلەپ بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا رىم كاردىنالىغا كاتىپ بولغان بىلىملىك ھەزرەت، ئېدموننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپلا، ئۇنىڭ ئالدانغانلىقىنى، بىر يوشۇرۇن سۇيىقەستنىڭ قۇربانى بولغانلىقىنى روشەن رەۋىشتە تونۇپ يېتىدۇ. ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن ھەزرەت، ئېدموننىڭ ئەركىنلىككە شۇنچىلىك تەشنا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن مۇنداق ھېكمەتكە باي بىر سوئالنى سورايدۇ:«يىگىت، ئەركىنلىكنى ئىستەمسەن ياكى بىلىمنىمۇ؟» بۇ سوئالدىن تەئەججۈپلەنگەن ئېدمون، ھېچ ئىككىلىنىپ

ئولتۇرمايلا:«ئەركىنلىك!» دەپ، جاۋاب بېرىدۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ھەزرەت، بىر ئاز مەيۈسلەنگەن قىياپەت بىلەن قەتئىي رەۋىشتە مۇنداق دەيدۇ:«گېپىمگە قۇلاق سال ئەي يىگىت! بىلىمسىزلىك ھەر ئىنساننى قايتا مەھكۇملۇققا مۇپتىلا قىلىدۇ. سەن ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشمەكچى بولساڭ بۈگۈندىن باشلاپ، مېنىڭدىن بىلىم ئېلىشقا باشلا!». بۇنىڭ بىلەن ئېدمون ھەر كۈنى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، ئۇ باشتا ئاددىي ھېسابلاشتىن باشلاپ، ئالگېبرا، گېئومېتىرىيە ۋە فىزىكا، خىمىيە پەنلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئاندىن پەلسەپە ۋە گىرېك تىلى، نېمىس تىلى، ئېنگلىز تىلى قاتارلىق تىللارنى پۇختا ئىگىلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ئۆز ئۇستازى ۋاپات بولغاندا، جەسەتنى سالغان تاغارنىڭ ئىچىگە ئۆزىنى يوشۇرۇۋېلىپ، ناھايىتى ئاقىلانە چارە ئارقىلىق قەلئەدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ ۋە ئۇستازى ئېيتىپ بەرگەن گىراف مونتىي ـ كىرىستو ئارىلىغا بېرىپ، ھەزرىتى ئۆز ۋاقتىدا تىقىپ قويغان مىسلى ھېسابسىز خەزىنىنى ئۆز بىلىمىنى ۋە ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ قولغا چۈشۈرىدۇ ۋە ئاخىرىدا يەنىلا شۇ بىلىمنىڭ كۈچى بىلەن قولغا چۈشۈرگەن بايلىقىنى تايىنىپ تۇرۇپ، ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆز دۈشمەنلىرىدىن بىر ـ بىرلەپ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ.ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىنسان ئۆزى ئىلىم ـ مەرىپەتنى سۆيىدىغان، كىتاب ۋە يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان بولۇشى كېرەك ۋە ئۆزىدە يېڭىچە تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك،ـ دەرسى تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، دەرس ۋاقتى توشقان ئىدى. يەنى تەنەپپۇسقا قوڭغۇراق چېلىنىدى. مەسئۇت ئەپەندى چېچىلىپ كەتكەن دەرس تېمىسىنى خۇلاسىلەش ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇردى:«ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەجدادلىرىمىز بىلىم توغرىسىدا مۇنداق قوشاقلارنى قاتقان:

بىلىم بىلىڭ ئەي بېگىم،

بىلىم سىزگە يار بولۇر.

بىلىم بىلگەن ئۇل ئەرگە،

بىر كۈن دۆلەت بار بولۇر.

بىلىملىك ئەر بېلىگە،

تاش قستۇرسا قاش بولۇر.

بىلىمسىزنىڭ يېنىغا،

ئالتۇن قويسا تاش بولۇر.

ساۋاقداشلار شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ ساقلاڭلاركى بىلىم يالغۇز كۈچ بولۇپ قالماستىن بەلكى ئەركىنلىك بېغىشلىغۇچى مېھرىبان ئاتىدۇر.!

مەسئۇت ئەپەندى دەرسنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سىنىپنىڭ دېرىزىسى تەرەپكە قارىدى. مەكتەپ قورۇسى بولسا، قانداقتۇر بىر ئىشقا ئالدىرىغاندەك شامال ئارىلاش لەپىشىپ يېغىۋاتقان قارلار بىلەن پۈركەنمەكتە ئىدى. ئاق داستىخاندەك يېيىلغان قېلىن قار بىلەن ئورالغان ئۇدۇلدىكى تەن ـ تەربىيە مەيدانىنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈلمەي چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ، مەرىپەتچىلىك يولىنى ئاقارتىۋەتكەندەك تۇيغۇ بېغىشلىماقتا ئىدى. ئاپئاق قارنىڭ يورۇقىدا سىنىپنىڭ ئىچى يورۇپ كەتكەن ئىدى. دېرىزىگە ئۇرۇلۇۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى:«كەلگۈسىدە بارلىققا كېلىدىغان زور بىر زىيالىيلار قوشۇنى بولسا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە مۇشۇ ئۇمىد مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىدىن بارلىققا كېلىدۇ ۋە كەلگۈسىدە شەكىللىنىدىغان بىر مەپكۇرىمۇ سىلەردەك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈرەك قېنىنىڭ سەرپ قىلىنىشىدىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ» دەپ پىچىرلىماقتا ئىدى.

خىتاي تەتقىقاتى

تايلاند بىر تۈركۈم ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇۋەتتى

لاۋرا بىكەر، كەسرىن ئارمستروڭ

تايلاند بىر تۈركۈم ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇۋەتتى

لاۋرا بىكەر، كەسرىن ئارمستروڭ

(Laura Bicker and Kathryn Armstrong)

تايلاند ھۆكۈمىتى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماستىن قىرىق ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەردى. ھۆكۈمەت تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن ئۇيغۇرلار قىيىن-قىستاققا، ھەتتا ئۆلۈمگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن.

بۇ قىرىق ئۇيغۇر باڭكوكتىكى بىر تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا ئون يىل تۇرۇپ تۇرۇلغاندىن كېيىن، چارشەنبە كۈنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا مۇسۇلمان قەۋملەرگە قارشى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۆتكۈزگەنلىك مۇمكىنچىلىكى بىلەن ئەيىبلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، بېيجىڭ بۇ ھەقتىكى بارچە ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلىپ كەلدى.

بۇ تايلاندنىڭ 2015-يىلىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشى ھېسابلىنىدۇ.

تايلاندنىڭ بۇ قېتىم ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشى — ئامېرىكا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەزكۇر ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى ئەندىشىسىنى تىلغا ئېلىشىدىن كېيىن — مەخپىي رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلدى.

تايلاند مېدىيالىرى كوزۇپلىرى قورشالغان بىر نەچچە يۈك ماشىنىسىنىڭ چارشەنبە كۈنى سەھەردە بانكوكنىڭ ئەڭ چوڭ كۆچمەنلەر مەركىزىدىن يولغا چىققانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن «Flightrader24» ئىز قوغلاش مەركىزى خىتاينىڭ جەنۇبىي ئاۋئاستىيە شىركىتىگە تەۋە بىر ئايروپىلاننىڭ ئالدىن ھېچبىر يىپ ئۇچى بەرمىگەن ئاساستا باڭكوكتىن يولغا

چىقىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر شەھرىگە قوندۇرۇلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بۇ چاغدا قانچە ئۇيغۇرنىڭ خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

ئاقىۋەتتە تايلاند ھۆكۈمىتى قىرىق ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلغانلىقىنى، چۈنكى تايلاندنىڭ بۇ ئۇيغۇرلارنى ئۇزۇن يىللىق بولۇش ئارتۇق ۋاقىت تۇتۇپ تۇرۇش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۈچىنچى بىر دۆلەتنىڭ بۇ ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. ئىلگىرى ئۇيغۇرلارغا پاناھلىق بەرگەن تۈركىيەمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئىدى. نۆۋەتتە تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان يەنە سەككىز ئۇيغۇر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەشى تۇتۇپ تۇرۇلۇش جەريانىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن تۈرمىلەردە جازا ئۆتىمەكتە ئىكەن.

تايلاند باش مىنىستىرى پېتوڭتارن شىناۋاترا (Paetongtarn Shinawatra) ئۆزىنىڭ يېقىندا خىتاينى زىيارەت قىلىدىغانلىقىنى، بۇ جەرياندا ئەگەر بۇ ئۇيغۇرلار خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن تەقدىردە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى.

تايلاند باش مىنىستىرى پەيشەنبە كۈنى مۇخبىرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش ئەھۋالىنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدى.

تايلاند باش مىنىستىرى شىناۋاترا مۇنداق دېدى:«دۇنيادىكى ھەر قانداق دۆلەت قانۇنىنىڭ پرىنسىپلىرىغا، خەلقئارالىق تەرتىپلەرگە ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى چوقۇم ئەمەل قىلىشى كېرەك.»

بېيجىڭ تايلاندقا قاچقان قىرىق خىتاي پۇقراسىنىڭ قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، بۇ قايتۇرۇپ كېلىنگەن كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى رەت قىلدى.

تايلاند باش مىنىستىرى يەنە مۇنداق دېدى: «قايتۇرۇپ كېلىنگەنلەر خىتاينىڭ ۋە تايلاندنىڭ قانۇنىغا، شۇنداقلا خەلقئارا قانۇنغا بىنائەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.»

خىتاي دۆلەت مېدىياسى بولسا خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن بۇ كىشىلەرنىڭ جىنايەتكار تەشكىلاتلار تەرىپىدىن «ئەپسۇنلانغان»لىقىنى، ئاقىۋەتتە قانۇنسىز يوللار بىلەن خىتايدىن قاچقاندىن كېيىن تايلاندقا قاپسىلىپ قالغانلىقىنى بايان قىلدى.

خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن ئۇيغۇرلار 2014ـ يىلى خىتاينىڭ زۇلۇمى سەۋەبلىك شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ، تايلاند چېگرىسىدا تۇتۇلۇپ قالغان ئۈچ يۈز ئۇيغۇرنىڭ ئارىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىكەن.

بۇ ئۈچ يۈز كىشىنىڭ نۇرغۇنى تۈركىيەگە ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، باشقىلىرى 2015ـ يىلى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن بولۇپ، نەتىجىدە بۇ قىلمىش ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەيىبلىشىگە يول ئاچقان ئىدى.

سول قانات پارلامېنت ئەزاسى سۇبىساك ئاممۇى مېدىيادا مۇنداق يازغان: «تەيۋەن ھۆكۈمىتى زادى نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلمەسلىكى لازىم. بۇ ئۇيغۇرلار ئون بىر يىلدىن بېرى تۈرمىدە ياشىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى بەك ئۇزۇن ۋاقىت دەپسەندە قىلدۇق.»

ئۇيغۇرلار تۇتۇپ تۇرۇلغان تايلاند سولاقخانىلىرىنىڭ شارائىتى ناچار ۋە بەك قىستاڭ بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك بەش ئۇيغۇر ئۆلۈپ كەتكەن.

پەيشەنبە كۈنى كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ئېلان قىلغان باياناتتا دېيىلىشىچە، خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىن-قىستاققا دۇچ كېلىش، غايىپ قىلىۋېتىلىش ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بەك يۇقىرى ئىكەن.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ئاسىياغا مەسئۇل دىرېكتورى ئېلىن پىرسون (Elaine Pearson) مۇنداق دېدى: «تايلاندنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشى — ھەم تايلاند قانۇنىغا ھەم خەلقئارا قانۇنغا قارشى قىلىنغان چوڭ دەپسەندىچىلىك ھېسابلىنىدۇ. تېخى تۈنۈگۈنگە قەدەر، تايلاند ئەمەلدارلىرى مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىشىپ، ب د ت دىمۇ بۇ ۋەدىسىنى تەكىتلەشكەن ئىدى» دېدى.

ئاسىيا كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەمگەكچىلەر ھەققى تەشەببۇسچىلىرى تەشكىلاتىدىن (AHRLA) فىل روبېرتسون مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى (ئۇيغۇرلارنى خىتايغا) يولغا سېلىۋېتىش قىلمىشى نۆۋەتتىكى تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ <دۆلەت ئاتالغان باستۇرۇش ۋە مۇستەبىت خوشنىلار بىلەن ھەمكارلىشىش> مەسىلىسىدە ئالدىنقى ھۆكۈمەتنىڭ خاتا قىلمىشىدىن پەرقلىق يول تۇتىدىغانلىق ھەققىدىكى داۋاسىنىڭ قۇرۇق سەپسەتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.»

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى (قىرىق ئۇيغۇرنىڭ خىتايغا) يولغا سېلىۋېتىلىشىنى «تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان رەھىمسىزلىك» دەپ تەسۋىرلىدى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىۋى ماركو رۇبىيو (Marco Rubio) پەيشەنبە كۈنى خىتاينىڭ (قىرىق ئۇيغۇرنى خىتايغا) يولغا سېلىۋەتكەنلىكىنى تەنقىدلىدى ۋە «ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىدىن پاناھلىق تىلىگەن ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا مەجبۇري رەۋىشتە قايتۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك» دېدى.

ماركو رۇبىيو ئىنتېرنېتقا تارقاتقان باياناتلىرىدىن بىرىدە «خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا مىللەتلەرگە قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۆتكۈزدى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۇردى» دەپ، خىتاينى ئەيىبلىدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا) قايتۇرۇپ بېرىلىشىدىن قاتتىق ئېچىنغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ياۋروپا ئىتتىپاقىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىپادە قوللاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى داۋىد لامىي (David Lammy) ئەنگلىيەنىڭ تايلاندنىڭ بۇ قارارىغا قاتتىق قارشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى تۈرك تىلىغا يېقىن كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى كۈلتۈر ۋە ئېتنىك جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىگە يېقىن دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ يېرىمىغا يېقىننى تەشكىل قىلىدۇ.

نەچچە ئون يىل مابەينىدە كۆپلىگەن خىتايلارنىڭ ئېچكىرى ئۆلكىلەردىن شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈلۈپ ئېلىپ كېلىنگەنلىكى مەلۇم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خىتاي دۆلىتى يەرلىك نوپۇسنىڭ نىسبىتىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئەتراپلىق پىلان بويىچە ئېچكىرى ئۆلكىلەردىن خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكىگەن.

خىتاي يەنە مۇسۇلمان دىنىي زاتلارغا زەربە بېرىش ۋە شەرقىي تۈركىستاندا دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەش بىلەن، مەسجىدلەرنى ۋە مازارلارنى چېقىش بىلەن ئەيىبلىنىپ كەلمەكتە.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.bbc.com/news/articles/c14jjxz8re6o

بىر ئۇيغۇرنىڭ دۇئاسى

ئۇيغۇر كۆكئارت

بىر ئۇيغۇرنىڭ دۇئاسى

ئۇيغۇر كۆكئارت

ئۇلۇغ مەرھەمەتلىك بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. ئاسمان زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئۇلۇغ ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ ئىگەمنىڭ مەدىتى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

ئەي ئۇلۇغ رەببىم! يولباشچىمىز، ئۇستازىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە جەمەتىگە خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە جەمەتىگە رەھمەت قىلغانىدەك رەھمەت قىلغىن.

ئى ئاسمان زېمىننى ئورنەكسىز ياراتقۇچى، چوڭلۇقتا بىز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ يېتەلمەيدىغان چەكسىز كائىناتنى، كىچىكلىكتە بىز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈشكە مۇمكىن بولمايدىغان مۆجىزىلەرنى ياراتقان قۇدرەتلىك تەڭرىم! سەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىزنىڭ ئىگىمىزسەن. بىز ساڭا مۇشۇ ئۇلۇغ رامزاندا تۆۋەنچىلىك بىلەن، سېنىڭ رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلغان ھالدا ساڭا قول كۆتۈرۈپ تۇرۇپتىمىز، بىزگە رەھمەت قىلغىن، خاتالىقلىرىمىزنى ئەپۇ قىلغىن. سەن ئەپۇ قىلغۇچىسەن، سەن ئەپۇنى ياخشى كۆرىسەن، بىزنى ئەپۇ قىلغىن. بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن يىراق قىلغىن.

ئى جىمى ياخشىلىقلارنىڭ ئىگىسى بولغان قۇدرەتلىك ئىگەم! سەن بىزگە دۇنيانىڭ جەننەتلىرىدىن بولغان شۇنچە باي ۋە بەرىكەتلىك شەرقىي تۈركىستاننى ۋەتەن قىلىپ بېرىپسەن. بىز ئۇيغۇرلارنى دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ كېلىشكەن، ئەڭ ئېسىل خەلقلەرنىڭ بىرى قىلىپ يارىتىپسەن. بىزنى بىر زامانلاردا تامامى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلىپ سەلتەنەت تەختىگە چىقىرىپسەن. بىزنى ئاشۇ قەدىر قىممىتىمىزنى قايتۇرۇۋېلىشقا، يۇرت ۋەتەنلىرىمىزنى ئىبلىس خىتاينىڭ تۆمۈر تاپىنىدىن تارتىپ ئېلىشقا نېسىپ ئەيلە، ئەي ئۇلۇغ رەببىم!

ئى ئۇلۇغ مېھرىبان ئىگەم، بىزنى غەم ـ قايغۇ بېسىۋالدى، مۇساپىرچىلىقتا، سەرسانلىقتا ئۇرۇق ئاتا ئانىلىرىمىز، ئۇرۇق تۇققانلىرىمىزدىن ئايرىلىپ، زالىم دۈشمەننىڭ سۇيىقەستىدە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ جەم بولالماي غەمكىن ۋە مىسكىن بولدۇق. بۇ كاپىر، رەزىل خىتايدىن، بىزنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنىگە ئايلانغان رەزىل ھاكىمىيەتتىن ئۆچىمىزنى ئالىدىغان قىلغىن. دۈشمىنىمىزگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن! دۈشمىنىمىزنىڭ بىزگە قارشى پىلانلىغان يامانلىقلىرىنى ئۆزىگە ياندۇرغىن. بىزنى كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنى، ئەقلىمىزنى، ئىمكانىيەتلىرىمىزنى ئەڭ ياخشى ھالەتتە ئىشلىتەلەيدىغان قىلغىن، بىزگە غەلىبە ـ نۇسرەت ئاتا قىلغىن.

ئى غەم قايغۇنى كۆتۈرگۈچى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھىم قىلغۇچى ئۇلۇغ رەببىم! سەن بىزگە رەھىم قىلغۇچىسەن، بىزگە شۇنداق رەھىم قىلغىنكى، سېنىڭ قىلغان رەھمىتىڭ بىلەن ھېچ كىمنىڭ رەھىم قىلىشىغا ھاجىتىمىز چۈشمىگەي. بىزنى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي قولىدىن قايتۇرۇپ ئېلىشقا، ئاسارەتتە قالغان خەلقىمىزنى ئازاد قىلىشقا، دەپسەندە قىلىنغان ئىززەت-غۇرۇرىمىزنى پاكلاشقا، يىقىلغان دۆلىتىمىزنى قايتا قۇرۇپ چىقىشقا، دۇنيادا ئىززىتىمىز ۋە ئەركىمىز بىلەن ياشاشقا نېسىپ قىلغىن، ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم.

ئى ئۇلۇغ ئاللاھىم! ساڭا سىغىنىپ غەم-قايغۇدىن، ئاجىزلىقتىن، بوشاڭلىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، ئىناقسىز-ئىتتىپاقسىزلىقتىن، نامراتلىقتىن، دۈشمەننىڭ ئالدىدا خورلىنىشتىن پاناھ تىلەيمىز. كۈچ-قۇۋۋەت سەندىندۇر، قەدىر-قىممەت سەندىندۇر. بىزگە ئەقىل بەرگىن، سۇنماس ئىرادە ۋە ئىمان بەرگىن، غەلىبىگە ئېلىپ بارىدىغان ئىمكان ۋە يول بەرگىن. ئى ئۇلۇغ رەببىم، سەن خۇددى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى ئۇزۇن جۇدالىقتىن كېيىن ئاتا-ئانىسى بىلەن جەم قىلغاندەك بىزنى ئاتا ئانىلىرىمىز بىلەن جەم قىلغىن. ئى مېھرىبان تەڭرىم، سەن بىزگە خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا غەلىبە ئاتا قىلىپ ئۇنى مەككىگە قايتىشقا نېسىپ قىلغاندەك بىزنىمۇ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا غەلىبە بىلەن قايتىشقا نېسىپ قىلغىن، بىزنى شۇ ئۇلۇغ غەلىبىگە يېتەكلىگىن. سېنىڭ يولۇڭدا جېنىمىز ۋە مېلىمىز بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئاشۇ ئەزىز يۇرت-ۋەتىنىمىزنى ئازاد قىلىشقا، شۇ ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەزىزلەردىن بولۇشقا نېسىپ قىلغىن.

ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، سەن بىزگە «مەن سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن» دەپ ۋەدە قىلغان ئىدىڭ. بىز سېنىڭ بەندىلىرىڭمىز، ساڭا تۆۋەنچىلىك بىلەن ۋە سەمىمىيلىك بىلەن قىلغان دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلغىن، كۆڭۈللىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ بەرگىن. سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن، كۈچ-قۇۋۋەت بېرىشىڭ بىلەن ئەركىنلىكىمىزنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا، غەمكىن بولغان قەۋم-قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يۈزىنى كۈلدۈرۈشكە، ئەركىنلىكنىڭ سىمۋولى بولغان ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنى تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئۈستىگە تىكلەشكە نېسىپ قىلغىن، ئەي قۇدرەتلىك پەرۋەردىگارىم.

ئەي ئۇلۇغ رەببىم، ساڭا پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن يۈزلىنىپ، ساڭا باش قويۇپ، كۆزلىرىمىزدىن ياش تۆكۈپ يېلىندۇق، سەبىر بىلەن ۋە نامىزىمىز بىلەن ساڭا دۇئا قىلدۇق. بىزگە ۋەتىنىمىزنى ئازاد قىلىشقا، ئەركىنلىكىمىزنى قولىمىزغا يەتكۈدەك كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئەقىل ئاتا قىلغان. دۇنيادا ۋەتىنىمىزدە ھۆر، ئەركىن ياشاشقا؛ ئاخىرەتتە سەن ۋەدە قىلغان جەننەتلەردە ياشاشقا نېسىپ قىلغىن ئۇلۇغ رەببىم.

سۇھاس سۇبرامانيام

سۇھاس سۇبرامانيام

سۇھاس سۇبرامانيام دۆلەتىمىزگە ۋە جەمئىيىتىمىزگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ھاياتىنى ئاتىغان ۋە بۇ يولدا كۆپ خىزمەتلەرنى قىلغان بىر ئوغلانىمىزدۇر.

سۇھاسنىڭ ئائىلىسىنىڭ ھېكايىسى 1979-يىلى ۋىرگىنىيەدە دۇللاس ئايرودرومىدا باشلاندى. ئۇنىڭ ئانىسى سۇھاسنىڭ ھىندىستاندا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بولغۇسى ئاتىسى بىلەن ئائىلە قۇرۇش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئامېرىكادا مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈش ۋە ئامېرىكا چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھىندىستاندىن ئامېرىكاغا يېتىپ كەلدى.

سۇھاسنىڭ ئاتا-ئانىسى سۇھاسقا كىچىكىدىنلا ياخشى ئائىلە تەربىيىسى بېرىشتىن سىرت، ئۇنى ياخشى مائارىپ تەربىيىسى ئېلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. سۇھاس يېڭى ئورلېئىنس شتاتىدىكى تۇلېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت كاترىنا بورىنىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ قايتا قۇرۇپ چىقىلىشى ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىدىغانلارنى تەشكىللەش ئىشلىرىغا ياردەم قىلغان ئىدى.

سۇھاس مەكتەپتىكى باشقىلارغا ياردەم قىلىش تەجرىبىسىدىن كېيىن، بارچە ۋېرجىنىيەلىكلەرنىڭ، شۇنداقلا ئامېرىكالىقلارنىڭ ساغلاملىق، بىخەتەرلىك ۋە باشقا جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ھارماستىن خىزمەت قىلدى. ئۇ كاپىتول ھىلدا سىياسىي ياردەمچى بولۇپ خىزمەت قىلىپ، بۇ يەردە مىليونلىغان ئامېرىكالىقلارنىڭ ساغلاملىق خىزمىتىگە ئېرىشىش پۇرسىتىنى كېڭەيتىش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. كۆچمەنلىك ئىسلاھاتىنى قوللاش ئۈچۈن ئىككى پارتىيەدىن تەشكىللەنگەن بىر بىرلىك تەشكىللەشكە ھەمدەمدە بولدى. ياشانغانلار ۋە ئىشچى ئائىلىلەر ئۈچۈن ئىش پۇرسىتىنى ۋە ياردەمگە ئېرىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانۇن لايىھەسى ھازىرلىدى.

سۇھاس غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇن كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سابىق پرېزىدېنت ئوبامانىڭ ئاقسارايى تېخنولوگىيە سىياسىتى مەسلىھەتچىسى بولۇپ خىزمەت قىلدى. ئۇۇ ئوبامانىڭ پرېزىدېنتلىق دەۋرىدە تور بىخەتەرلىكى تەھدىتلىرىگە قارشى تۇرۇش، سۈنئىي ئەقىل تېخنولوگىيىسىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇنداقلا باشقا يېڭى تېخنولوگىيەلەر پۈرسەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

سۇھاس ئاقسارايدا بىر مەزگىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، لودىن ناھىيىسىدە ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىگىلىكىنى تىكلەش يولىغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پىدائىي ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى سۈپىتىدە جەمئىيەتكە خىزمەت قىلدى.

سۇھاس 2019-يىلى ۋىرجىنىيە باش مەجلىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى. قانۇن تۈزگۈچى سۈپىتىدە قىلغان تۇنجى خىزمىتى — ئىككى پارتىيەنىڭ ھەمكارلىقىدا مەسىلىلەرگە ھەل قىلىش چارىسى تاپىدىغان، ئامېرىكا سىياسىتىدىكى بۆلۈنۈش ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناشنى نىشانلىغان بىر گۇرۇپپا قۇرۇش بولدى. سۇھاس مەجلىس ئەزاسى بولغاندىن كېيىن كىچىك دۇكان، كارخانىلار ۋە ئىشچى ئائىلىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پائالىيەتچان قانۇن تۈزگۈچى بولۇپ خىزمەت قىلدى. خەلقكە پايدىلىق قانۇنلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە كۈچ چىقاردى. تاشيول ھەققىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كېتىشىگە قارشى تۇردى. قانۇنغا ئۇيغۇن بولمىغان باج ۋەقەلىرىدە خەلقكە پايدىنى كۆزلەپ خىزمەت قىلىپ، 300 مىليون دوللار ئەتراپىدىكى پۇلنىڭ خەلقنىڭ يانچۇقىغا قايتىپ كېلىشىنى روياپقا چىقاردى.

سۇھاس دۆلەت مەجلىسىدە ۋىرگىنىيەلىك ئائىلىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، جەمئىيەتىمىزگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن بوشاشماستىن كۈرىشىنى داۋام قىلىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن قارچۇغا تەرجىمىسى

https://www.suhasforvirginia.com

رامىزاندىكى قەدىر كېچىسى قاچان؟

مەريەم مۇھەممەد

رامىزاندىكى قەدىر كېچىسى قاچان؟

مەريەم مۇھەممەد

ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس رامىزان ئېيى بۇ يىل 28-فېۋرال كېچىسى يېڭى ئاينىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن باشلاندى. پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار روھىنى پاكلاش، ئۆزىنى تەكشۈرۈش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ۋە يامانلىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن روزا تۇتۇشقا باشلىدى.

رامىزاننىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئاللىقاچان ئۆتۈپ بولدى، 19-مارت كېچىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسى باشلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ ئون كېچىنىڭ بىرىدە ئالاھىدە كېچە قەدىر كېچىسى كېلىدۇ.

رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى نېمە ئۈچۈن شۇنچە مۇھىم؟ مۇسۇلمانلار روزى ھېيتقا قەدەر قانداق دۇئا قىلىدۇ؟ تۆۋەندە بۇ ھەقتە توختىلىمىز.

قەدىر كېچىسى دېگەن نېمە؟

ئەرەب تىلىدىكى «ھۆكۈم كېچىسى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قەدىر كېچىسى قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى قېتىم نازىل بولغان كېچىنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىركېچىسى ئىسلام كالېندارىدىكى ئەڭ مۇقەددەس كېچىلەرنىڭ بىرى. ئۇ پەقەت رامىزان مەزگىلىدە يۈز بېرىدۇ ۋە كۈن ئولتۇرغاندىن كۈن چىققۇچە بىر كېچە داۋاملىشىدۇ، بۇ مۇقەددەس كېچە ئادەتتە رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسىنىڭ مەلۇم بىرىگە توغرا كېلىدۇ.

قەدىر كېچىسى قاچان؟ رامىزاننىڭ قايسى كۈنى يۈز بېرىدۇ؟

قەدىر كېچىسى قاچان يۈز بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆپلىگەن سەھىھ ھەدىسلەر مەۋجۇت بولۇپ، قەدىر كېچىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسىنىڭ بىرىدە بولىدۇ.

رامزاننىڭ 27-كېچىسى قەدىر كېچىسى بولىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ ھەدىسلەر كەلگەن. باشقا ھەدىسلەردە «قەدىر كېچىسىنى رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسىنىڭ تاق كېچىلىرىدىن ئىزدەڭلار» دەپ كەلگەن. قەدىر كېچىسى شەرەپ ۋە پەزىلەتتە مىڭ ئايدىن ئارتۇق. پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن زېمىنغا ئاللاھ تەقدىر قىلغان بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ. شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ - ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر.

قەدىر كېچىسىنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

قەدىر كېچىسى مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى قۇرئان كەرىم دۇنياغا نازىل بولغان پەزىلەتلىك كېچىدۇر. قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ئارتۇق ئەۋزەللىككە ئىگە بىر كېچە. مۇسۇلمانلار بۇ كېچىدە مىڭ ئاي ئىبادەت قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىشقا تىرىشىدۇ. قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇ ئەخلاق مىزانى، مەنىۋى يېتەكچىلىك ۋە پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قەدىر سۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى «تەقدىر» ياكى «پەرمان» دېمەكتۇر. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن يېزىلغان ئىشلارنى دۇئا ۋە ئىبادەت ئارقىلىق ئۆزگەرتەلەيدۇ دەپ قارىلىدۇ.

رامزاننىڭ ئاخىرقى 10 كېچىسىدە مۇسۇلمانلار قانداق دۇئا قىلىدۇ؟

قەدىر كېچىسى رامزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى 10 كېچىسىنىڭ قايسى كېچىسى يۈز بېرىدىغانلىقى ئېنىق بولمىغاچقا، بارلىق مۇسۇلمانلار رامزاننىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدىكى ھەر بىر كېچىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ. رامزان كېچىلىرى ئاللاھقا يۈزلىنىپ، ئاللاھتىن مەغفىرەت تىلىگەن ۋە ھەققىي تەۋبە قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى بىلەن تولغان كېچىلەردۇر. باشقا كېچىلەرمۇ ھەم شۇنداق ئەلۋەتتە. ئەمما، رامزان كېچىلىرى تېخىمۇ شۇنداق.

بۇ كېچىلەردە رامزان كۈنلىرىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى بويىچە روزا تۇتۇش، قۇرئان ئوقۇش ۋە تەراۋىھ (رامزاندا ئوقۇلىدىغان ئالاھىدە ناماز) ئوقۇش قاتارلىق ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرت، يەنە تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ ۋە پۈتۈن كېچىنى ئۇخلاش بىلەن ئۆتكۈزۈشنىڭ

ئورنىغا، رامزان كېچىلىرى دۇئا قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇ ئاخىرقى 10 كېچىدە ئېتىكاپقا كىرىدۇ، كېچە-كۈندۈز ئىخلاس بىلەن دۇئا-تىلاۋەت قىلىدۇ.

بۇ ئاخىرقى 10 كېچىدە مۇسۇلمانلار ناھايىتى كەڭ قورساق ۋە ئاق كۆڭۈل بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ. يەنى زاكات بېرىش، ئىختىيارىي خەير-ساخاۋەت قىلىش، مۇھتاجلارغا ئېپتارلىق تاماق بېرىش، خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىئانە قىلىش، ياخشى ئىش ياكى ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://www.dispatch.com/story/lifestyle/faith/2025/03/20/ramadan-2025-laylat-al-qadr-last-10-nights-islam-muslims/82546002007/

ئامېرىكادا خاماسنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان تۈرك ئوقۇغۇچى

كلو ئاتكىنس، فىل ھېلسىل

ئامېرىكادا خاماسنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان تۈرك ئوقۇغۇچى

كلو ئاتكىنس، فىل ھېلسېل

ئامېرىكادا قولغا ئېلىنغان تۈرك ماگىستېر ئوقۇغۇچى رۇمەيسە ئۆزتۈركنىڭ ئادۋوكاتى ماھسا خانباباي (Mahsa Khanbabai)، ئامېرىكا فېدرال ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ سەيشەنبە كۈنى تافتس ئۇنىۋېرسىتېتىدا (Tufts University) ماگىستېرلىقتا ئوقۇۋاتقان رۇمەيسە ئۆزتۈركنى دوستى بىلەن ئىپتار قىلىشقا كېتىۋاتقاندا قولغا ئالغانلىقىنى ۋە قولغا ئېلىش جەريانىنىڭ ۋىدىيوغا ئېلىنغانلىقىنى بايان قىلدى.

رۇمەيسە ئۆزتۈركنىڭ ئادۋوكاتى قانۇنىي كۈچكە ئىگە F-1 ئوقۇغۇچىلار ۋىزىسى بىلەن ئامېرىكادا ئوقۇۋاتقان رۇمەيسەنىڭ تۇرۇۋاتقان ئۆيىگە يېقىن جايدا قولغا ئېلىنغانلىقىنى قەيت قىلدى.

رۇمەيسەنىڭ ئادۋوكاتىنىڭ دېيىشىچە، فېدرال سوت مەھكىمىسى رۇمەيسەنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق شتاتتىن چىقىرىۋېتىلمەسلىك ھۆكمىنى بەرگەن بولسىمۇ، رۇمەيسە بۇ ھۆكۈمگە خىلاپ ھالدا لۇيىسىنا شتاتىغا ئەۋەتىۋېتىلگەن.

NBC ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋرىدە دېيىلىشىچە، نامايىشچىلار پەيشەنبە كۈنى سومىرۋىل، ماساچۇستېس قاتارلىق جايلارغا يىغىلىپ، رۇمەيسەنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ نامايىش ئۆتكۈزگەن.

ئامېرىكانىڭ مەھبۇسلارنىڭ قەيەردىلىكىنى تېپىش سېستىمىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، رۇمەيسە چارشەنبە كۈنىدىن باشلاپ باسلدىكى جەنۇبىي لۇيىسىنادىكى تۇتقۇنلارنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىدە ئىكەن.

ئامېرىكانىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىنىڭ بايانىچە رومەيسە «ئامېرىكىلىقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن لەززەت ئالىدىغان چەتئەل تېرورلۇق تەشكىلاتى — <خاماس> نى قوللايدىغان پائالىيەتلەرگە قاتناشقان.»

دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى باياناتچىسى مۇنداق دېدى: «ئامېرىكىلىقلارنى ئۆلتۈرگەن تېرورىستلارنى ئۇلۇغلاپ، قوللىغۇچىنىڭ بۇ قىلمىشى سەۋەبلىك ئۇنىڭ ۋىزىسى بىكار قىلىندى. بۇ ھەرىكىمگە ئايان بولغان بىختەرلىك تەدبىرىدۇر.»

رومەيسەنىڭ ئادۋوكاتىنىڭ بايانىچە، رومەيسەگە تاكى 24 سائەت ۋاقىت ئۆتكەنگە قەدەر ئادۋوكات بىلەن ئالاقىلىشىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان.

رومەيسەنىڭ ئامېرىكادا قولغا ئېلىنىشى تۈرك ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن يېقىندىن كۆزىتىلىپ تۇرۇلغان. ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق تۈرك ئەلچىخانىسىنىڭ چارشەنبە كۈنىدىكى مۇناسىۋەتلىك باياناتىدا، مەسىلىنىڭ تۈرك ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرۇلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. باياناتتا «ئامېرىكانىڭ بوستون شەھىرىدە قولغا ئېلىنغان ۋەتەنداشىمىز رومەيسە ئۆزتۈرۈكنىڭ ئەھۋالى يېقىندىن كۆزىتىلمەكتە، رومەيسەنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئىزچىل ھالدا مەلۇمات يەتكۈزۈلمەكتىدۇر» دېيىلگەن.

تۈرك ئەلچىخانىسى «ۋەتەنداشىمىزنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ ھىمايە قىلىنىشى ئۈچۈن تۈرلۈك تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلمەكتە» دەپ بايان قىلدى.

رومەيسە ئۆزتۈركنىڭ «LinkedIn» سەھىپىسىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، رومەيسە تافتىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق پروگراممىسى ئوقۇغۇچىسى ئىكەن. رومەيسە كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىلار ئىنستىتۇتىدىن ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئىكەن.

رومەيسە ئۆزتۈرك 2024-يىلى تافتىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلار گېزىتىدە مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ «پەلەستىن ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى قوبۇل قىلىشى»، «ئىسرائىلىيە بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاسىتىلىك مۇناسىۋىتى بولغان شىركەتلەردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشى» جەھەتلەردىكى تەلەپلەرگە بەرگەن جاۋابىنى تەنقىد قىلىدىغان بىر ماقالە يازغان.

رۇمەيسەنىڭ ئادۋوكاتى خانباباي، رۇمەيسەنىڭ قولغا ئېلىنىشىنىڭ ھەممەيلەننى چوڭقۇر ئازابلىشى كېرەكلىكىنى تىلغا ئالدى.

تافتىس ئۇنىۋېرستېتى مۇدىرى سانىل كۇمار (Sunil Kumar) رۇمەيسەنىڭ قولغا ئېلىنىشىدىن ئىلگىرى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلاردىن ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزگە ھېچقانداق مەلۇمات يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى، رۇمەيسەنىڭ ۋىزىسىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى ئېيتتى.

تافتىس ئۇنىۋېرستېتى مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلار بىلەن ئالاقە ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى، رۇمەيسەگە قانۇني ھەقلىرىدىن پايدىلىنىش پۇرستى بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. تافتىس ئۇنىۋېرستېتى يەنە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

تافتىس ۋە ماساچۇستېس ئۇنىۋېرستېتىنىڭ باش تەپتىشى رۇمەيسەنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا ئالاقىدار ۋىدىيودىكى مەنزىرىلەرنىڭ «كىشىنى راھەتسىز قىلىدىغان» مەنزىرە ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

سومېرۋېل شەھرىنىڭ شەھەر باشلىقى كاتاژانا بالانتىن (Katjana Ballantyne)«ئامېرىكادا قانۇني تۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بىر ئوقۇغۇچىنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىنى قوللانغانلىقى سەۋەبلىك قولغا ئېلىنغانلىقىدىن چوڭقۇر قايغۇلانماقتىمەن» دېدى.

«ھەق-ھوقۇقلىرىمىز نۆۋەتتە تۈرلۈك تەھدىتلەرگە دۇچ كەلگەن ھالەتتە. سومېرۋىل شەھرى بۇ ھەق-ھوقۇقلىرىمىزنى قوغداش ئۈچۈن قانۇنغا ۋە ھەقلىق سادايىمىزغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. سومېرۋىل ساقچىلىرى قولغا ئېلىش ھەرىكىتىگە قاتناشمىدى، شۇنداقلا قولغا ئېلىشقا قارشىمۇ چىقمىدى» دەپ قوشۇمچە قىلدى شەھەر باشلىقى بالانتىن.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.nbcnews.com/news/us-news/federal-immigration-authorities-detain-international-tufts-graduate-st-rcna198158

جەسۇر ئۇيغۇر ئوغلانى ئابدۇراخمان مۇھىتى

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

جەسۇر ئۇيغۇر ئوغلانى ئابدۇراخمان مۇھىتى

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

ئابدۇراخمان مۇھىتى 1910 ـ يىلى تۇرپان ئاستانە يېزىسىنىڭ غوجام ئالدى مەھەللىسىدە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى مەشھۇر مۇھىتىلار جەمەتىنىڭ مەخسۇت مۇھىتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە 1918 ـ يىلىدىن 1924 ـ يىلىغىچە دادىسى مەخسۇت مۇھىتى ئاچقان ئاستانىدىكى «مەقسۇدىيە مەكتىپى» دە ئوقۇغان. كېيىنچە 1924 ـ يىلىدىن 1931 ـ يىلىغىچە مەخسۇس ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئىلغار پىكىرلىك بىر ياش بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ قەلبىدە ناھايىتى كىچىك تۇرۇپلا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي روھ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ خۇددى دادىسى مەخسۇت مۇھىتىغا ئوخشاشلا تەڭتۇشلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. 1932 ـ يىلى كۈزدە 22 ياشلىق ياش يىگىت ئابدۇراخمان قەيسەر دادىسى مەخسۇت مۇھىتى ۋە قەھرىمان تاغىسى گېنىرال مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدا قوزغالغان مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابىغا قاتناشقان. بوي ـ بەستى ۋە قامىتى تاغىسىنى تارتقان بۇ يىگىت 1932 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە سوزۇلغان يېرىم يىللىق ھايات ـ ماماتلىق ئۇرۇشلاردا ئۆزىنىڭ پەم ـ پاراستى ۋە جەسۇرلۇقىغا تايىنىپ تاغىسى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئىپتىخارىغا ئايلانغان. بەختكە قارشى، 1933 ـ يىلى 8 ـ مارت كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇنىڭ دادىسى مەخسۇت مۇھىتى لۈكچۈن سېپىلى ئىچىدە قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان خوجىنىياز ھاجىنى سېپىلدىكى قورشاۋدىن قۇتقۇزۇپ چىقىش جەريانىدا شېڭ شىسەينىڭ ئاق ئورۇس قوشۇنى تەرىپىدىن ئوققا تۇتۇلۇپ شېھىت بولۇپ كەتكەن. جاللات شېڭ شىسەي مەخسۇت مۇھىتىنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ سېپىلىغا ئېسىپ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى تولۇق سۇندۇرماقچى بولغان. دادىسىنىڭ دۈشمەن قولىدا شېھىت بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇراخمان مۇھىتى جەسۇر تاغىسى مەھمۇت مۇھىتى بىلەن لۈكچۈندىن تۇرپانغا يۈرۈش قىلىپ، شېڭ شىسەينى تىرىك تۇتۇپ ئىنتىقام ئالماقچى بولغان. ئۇلارنىڭ تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ۋاختىدا خەۋەر تاپقان جاللات شېڭ شىسەي تۇرپاندا تۇتقۇن قىلىنغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئىز باسارلىرىنى قىرغىن قىلىپلا دەرھال

ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەتكەن. كۆزىدىن ئىنتىقام ئوتلىرى يېلىنجاپ تۇرۇۋاتقان تاغا ـ جىيەن ئىككىسى نامەرت دۈشمەننى توقسۇندىن تاكى داۋانچىڭغىچە توختىماي قوغلاپ بارغان بولسىمۇ يېتىشەلمىگەن. 1933 ـ يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ 1934 ـ يىلىغىچە بولغان بىر يىلدا قومۇلدىن قوزغىلىپ، قەشقەرگىچە يۇرۇش قىلغان ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق قوزغىلىڭى خىتايدىن قېچىپ چىققان تۇڭگان باندىت ما جۇڭيىڭنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى ۋە ستالىن بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ھەمكارلىقى سەۋەبىدىن پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ سىياسىي ۋە مەمۇرىي خەرىتىسى قايتا سىزىلىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسمى شېڭ شىسەيگە، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى بىلەن تۇرپان ـ قومۇل ۋىلايەتلىرى خوجىنىياز ھاجىغا بۆلۈپ بېرىلدى. موسكۋانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، قەشقەر ۋىلايىتى مەھمۇت مۇھىتىغا، قومۇل ۋىلايىتى يولۋاسقا بۆلۈپ بېرىلدى. ئۇلار خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىككى قانىتى دەپ قارالدى. ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن ئابدۇراخمان مۇھىتى 1934 ـ يىلى 7 ـ ئايدا كىچىك ئاتىسى مەھمۇت مۇھىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جەڭگىۋار ئۇيغۇر قوشۇنى بىلەن قەدىمىي شەھەر قەشقەرگە بارغان.

شۇنداق قىلىپ، 1934 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇل مەھمۇت مۇھىتى گېنىرال لېيتنانت ھەربىي ئۇنۋانى بىلەن قەشقەرنى رەسمىي ئۆتكۈزۈۋالغان. گېنىرال مەھمۇت مۇھىتى ئابدۇراخماننى «ئاكامنىڭ تەۋەررۈك ئوغلى» دەپ قاراپ يېنىدىن ئايرىمىغان ئىدى. لېكىن، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر قوشۇنى ئىچىدە ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملار يوقنىڭ ئورنىدا بولغاچقا، مەھمۇت گېنىرال ئارزۇلۇق جىيەننى شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىرىدىغان 15 نەپەر ئۇيغۇر ياشنىڭ بىرى سۈپىتىدە تاشكەنتكە ئەۋەتكەن.

ئابدۇراخمان مۇھىتى 1934 ـ يىلى تاشكەنت شەھىرىدىكى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى» نىڭ مەمۇرىي ـ ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئۈچ يىل ئوقۇپ، 1937 ـ يىلى يازدا مەزكۇر ئالىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن. بەختكە قارشى، ئابدۇراخمان ئوقۇش پۈتتۈرگەن يىلى ئەتىيازدا قەشقەردە كەسكىن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. بۇ ۋەقە دەل 1937 ـ يىلى 2 ـ ئاپرېل كۈنى گېنىرال مەھمۇت مۇھىتى بىر تۇغقان ئاكىسى موسۇل ھاجى مۇھىتى بىلەن ئەڭ ئىشەنچلىك ئون نەچچە ئادىمىنى باشلاپ ھىندىستانغا چىقىپ كېتىش ۋەقەسى ئىدى. گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بارلىق ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقىنى گېنىرال مەھمۇت مۇھىتىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، بىراق شېڭ شىسەي ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن موسكۋاغا توختىماي شىكايەت قىلىپ، موسكۋانى ئاساسەن قايىل قىلغان. ئاقىۋەت، 1935 ـ يىلى 11 ـ مايدا «قان ئىچەر ئۈچ ھاجى» سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇيغۇر ۋەتىنىگە كىرگەن. سېيىت ھاجى قومۇلدىكى يولۋاسنى يوقىتىشقا، قادىر ھاجى قەشقەردىكى گېنىرال مەھمۇت مۇھىتىنى يوقىتىشقا، سېيىت ھاجى ئۈرۈمچىدىكى خوجىنىياز ھاجىنى يوقىتىشقا

مەسئۇل بولغان. قادىر ھاجى قەشقەردە كەڭ دائىرىلىك جاسۇسلۇق تورى ئارقىلىق مەھمۇت مۇھىتىنى يېتىم قالدۇرۇشقا ئۇرۇنغان. شېڭ شىسەيمۇ گېنىرالنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك ئادەملىرىنى «بىلىم ئاشۇرۇش» باھانىسى بىلەن تاشكەنت ۋە ئۈرۈمچىلەردە ئوقۇتۇپ، ھەممىسىنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىگە سادىق ساتقۇنلارغا ئايلاندۇرغان. باشقا چىقىش يولى تاپالمىغان مەھمۇت مۇھىتى ئامالسىز ئاكىسى ۋە بىر قىسىم سەپداشلىرى بىلەن بىللە چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ۋەھالەنكى، بۇ ۋەقەلەر تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن مەخپىي تۇتۇلغان ئىدى.

ئابدۇراخمان مۇھىتى 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تاشكەنتتىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ، چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىلا ئاندىن كىچىك دادىسى ۋە چوڭ دادىسىنىڭ ھىندىستان تەرەپكە چىقىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەردار بولغان. لېكىن، بۇ چاغدىكى ۋەزىيەت شېڭ شىسەيگە تولىمۇ پايدىسىز ئىدى. چۈنكى، گېنىرال مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قەشقەردىكى ئاتلىق 6 ـ دىۋىزىيەگە قاراشلىق بەش مىڭدەك ئۇيغۇر ئەسكەر ئابدۇنىياز كامالنى قوماندان قىلىپ سايلاپ، شېڭ شىسەيگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلغان ئىدى. ئابدۇراخمان مۇھىتى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە، كىچىك دادىسىنىڭ ئەسكەرلىرى قاراشەھەر ئەتراپىغا يېتىپ كېلىپ، توقسۇن ۋە ئۈرۈمچىدىكى شېڭ شىسەينىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى قاتتىق ئالاقزادە قىلىۋەتكەن ئىدى. تەقدىرى قىل ئۈستىدە قالغان شېڭ شىسەي ئارقا ـ ئارقىدىن ستالىنغا يالۋۇرۇشقا باشلىغان. ئاقىۋەت، 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايغا كەلگەندە، ستالىن ئەۋەتكەن ئالاھىدە تانكا قىسمى، قىرغىز ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ يول باشلىشىدا ئۈچتۇرپاندىكى بەدەل داۋىنى ئارقىلىق ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان. ئابدۇنىياز كامال ئەسكەرلىرى بىلەن ئوق ـ دورىلىرى تۈگىگىچە باتۇرلۇق بىلەن قىزىل ئارمىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىرىدا ئاقسۇ ۋە قاراشەھەردىكى قىسىملىرىنى قەشقەر تەرەپكە چېكىندۇرگەن. ئەپسۇسكى، بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەنە بىر ئۇرۇش قىسمى تېرەك داۋان ئارقىلىق قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ما خۇسەننى قەشقەردىن خوتەنگە چېكىندۇرۈپلا قالماي، يەنە تېخى شۇ ئاينىڭ ئاخىرى خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، 1938 ـ يىلى ئەتىيازغىچە «تۇڭگان تازىلاش» نامىدا بەش مىڭدەك تۇڭگاننى ۋە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئەسكەرنى يوقىتىپ، شېڭ شىسەينى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشتىن قوغداپ قالغان.

ئۇيغۇر تارىخى شاھىدلىرىنىڭ ئەسلىمىلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىز، ھەمدۇللا تارىم، باي ئەزىز، ئابدۇقادىر ھاجى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، مۇسا تۈركىستانى، مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە باشقىلارنىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرىدە بايان قىلىنىشىچە، 1934 ـ يىلى يازدا خوجا نىياز ھاجىم موسكۋانىڭ ياراشتۇرۇشى بويىچە ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولغان. شۇنىڭدەك، 1934ـ1937ـ يىللىرى ئارىسىدا شېڭ شىسەي ئۆلكىدە موسكۋانىڭ كۆرسەتمىسى ئاستىدا مائارىپ، مەدەنىيەت، سودا ـ ئىقتىساد جەھەتتىن راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزگەن. ئەمما، ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى قەشقەردىكى

مەخمۇت مۇھىتى قوماندانلىقىدىكى 6 ـ ئاتلىق ئۇيغۇر دىۋىزىيەسىنى پەيدىن-پەي بىكار قىلىش، خوتەنگە ئورۇنلىشىۋالغان ما خوسەن باشچىلىقىدىكى تۇڭگان 36 ـ دىۋىزىيەسىنى يوقىتىپ، پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت ئىدى. ۋاھالەنكى 1937-يىلى 4-ئايدا قەشقەردىكى 6 ـ دىۋىزىيەنىڭ ئاساسلىق قىسمى مەخمۇت مۇھىتى ۋەتىنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. نەتىجىدە، 1937 ـ يىلى خوتەندىكى ما خوسەنمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇر ۋە تۇڭگان قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز كونتروللۇقى ۋە تەسىر كۆچى دائىرىسىگە ئالغان. شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنلىرى سوۋېت ھەربىي قوماندانلىرىنىڭ ياخشى ھەربىي تەلىم-تەربىيەسى ئاستىدا ئۈچ يىل قاتتىق ھەربىي مەشىقتىن ئۆتۈپ، مۇنتىزىملاشقان ئۇيغۇر 6 ـ دىۋىزىيەسىگە، خوتەندىمۇ قاتتىق ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇلغان ما خوسەننىڭ تۇڭگان-ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمىگەن.

غەرب تارىخچىلىرىدىن ئاندرېي فوربېس ۋە رۇس تارىخچىلىرىدىن بارمىن، خىتاي تارىخچىلىرىدىن لىۋ زىشياۋ ھەم باشقىلارنىڭ مەزكۇر دەۋرگە ئائىت ئىلمىي ئەسەرلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئىككىنچى قېتىم ئاغدۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق شارائىتتا، موسكۋا قايتىدىن بىر دىۋىزىيەگە تەڭ كېلىدىغان قىزىل ئارمىيە ۋە ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئۆلكىنىڭ جەنۇبىغا كىرگۈزگەن. سوۋېت ئايروپىلانلىرى ھاۋادىن ماسلاشقان، جەمئىي 25 تانكادىن تەركىب تاپقان تانكا ئەترىتى نارىن ئەتراپىدىكى تاغلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، ئۇلۇغچات ئارقىلىق چېگرادىن كىرىپ، ئۇرۇشقا قاتناشقان. سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرى ۋە ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئۆلكە قوشۇنلىرىنىڭ ماسلىشىپ ھۇجۇم قىلىشلىرى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر ۋە تۇڭگان بىرلەشمە قوشۇنلىرى تارمار بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1934 ـ 1937 ـ يىللىرىدىكى شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىشى ھەمدە 1937 ـ يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ئابدۇنىياز بەگ، ما خوسەن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ۋە تۇڭگان قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانى ئەنگلىيە ئالىمى ئاندرېي فوربېس ۋە باشقا غەرب تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ بايان قىلىنغان. بۇ ئەھۋاللار ھەققىدە ئۇيغۇر تارىخچىلىرىمۇ كۆپ ئەسلىمىلەرنى ئېلان قىلغان ئىدى.

مەزكۇر قوزغىلاڭ باستۇرۇلۇش بىلەن تەڭ، شېڭ شىسەي پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش، جازالاش ئېلىپ بارغان. بۇنداق تۇتقۇن قىلىپ جازالاشلار 1940 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، 1937 ـ 1938 ـ يىللىرى ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ستالىن ھۆكۈمىتى كەڭ كۆلەمدە ئاتالمىش «خەلق دۈشمەنلىرى» نى تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان بولۇپ، تارىخچىلار شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش ئېلىپ بارغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. 1937 ـ 1940 ـ يىللىرى ئارىسىدىكى بۇ تازىلاشتا خوجا نىياز ھاجىم باشلىق ئۇيغۇر

رەھبەرلىرى، زىيالىيلىرى، تىجارەتچىلىرى ۋە دىنىي ئەربابلىرى كۆپلەپ تۇتقۇن قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ تازىلاشتا قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تۇڭگان ۋە رۇسلارمۇ زەربىگە ئۇچرىدى. مۇھىتلار جەمەتىدىكى گوسۇل مۇھىتى، ئابدۇرېھىم مۇھىتى ۋە ئابدۇراخمان مۇھىتى قاتارلىقلارمۇ ئەڭ ئەجەللىك قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان.

مىلادىيە 1938 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئابدۇراخمان مۇھىتى جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ تاكى 1944 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگىچە توپتوغرا ئالتە يېرىم يىل قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغان. 1944 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر جاللات شىڭ شىسەي ختايغا يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن شۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، يەنى 21 ـ دېكابىر كۈنى ئاندىن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. ئۇ ئۆز يۇرتى ئاستانىگە قايتىپ كېلىپ، «ئاستانە ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» دا خىزمەت قىلغان. 1945 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ئىشغالىيەتچى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئىلىنى مەركەز قىلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەرەپكە ياخشىچاق بولۇش ۋە يەتتە ۋىلايەتتىكى ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن تۇرپاندىكى ئابدۇراخمان مۇھىتىنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ خىزمەت بەرگەن. كېيىنچە، موسكۋانىڭ بېسىمى بىلەن 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گومىنداڭ تەرەپ ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرى ئارىسىدا ئۈرۈمچىدە 11 بىتىم ئىمزالانغان. 11 بىتىمنىڭ روھى بويىچە ئابدۇراخمان مۇھىتى 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇرپان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىملىقىغا سايلانغان. شۇنداق قىلىپ، ئابدۇراخمان مۇھىتى ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى دېموكراتىك سايلام بىلەن ھاكىم بولغان تۇنجى ئۇيغۇر ئەمەلدار بولۇپ قالغان. چۈنكى، تۇرپان خەلقى مۇھىتلار جەمەتىنى تۇرپاننىڭ ھۆكۈمرانلىرى سۈپىتىدە ئاللىبۇرۇن ئېتىراپ قىلىپ بولغان ئىدى. ئابدۇراخمان مۇھىتى تۇرپانغا ھاكىم بولغان مەزگىلدە گومىنداڭ ئىشغالچىلىرى بىلەن بوشاشماي تىركىشىپ، تۇرپان خەلقىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغدىغان. كېيىنچە، ئۇ ھاكىملىق مەنسىپىنىڭلا يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تۇرپاندىكى ئىنقىلابىي تەشكىلات ـ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى قۇرۇپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا بىر قوللۇق رەھبەرلىك قىلغان. 1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا 11 بىتىم بويىچە تەشكىللەنگەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىمىرىلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ باندىتلىرى ئابدۇراخمان مۇھىتى ۋە باشقا يەرلىك ئەمەلدارلارنى تازىلاش قەستىدە بولغان. سىياسىي سەزگۈرلۈكى كۈچلۈك ئابدۇراخمان دۈشمەننىڭ پىلانىنى سېزىپ قېلىپ، دۈشمەنگە ئالدىن قول سېلىشنى قارار قىلغان. نەتىجىدە، ئۇ شۇ يىلى 18 ـ ئىيۇل قوراللىق ئىنقىلاب قوزغاپ، گومىنداڭنىڭ تۇرپان بىلەن قومۇل، تۇرپان بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى ئىشغالچى كۈچلىرىنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىغان. بۇ قوراللىق قوزغىلاڭدىن قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن گومىنداڭ ھەربىي كاتتىۋېشى سوڭ شىلىيەن ۋە قورچاق ئەمەلدارلار دەرھال شەرقتە قومۇل ۋە تۇرپاندىكى، غەربتە ئۈرۈمچىدىكى، جەنۇبتا قاراشەھەر ۋە كۇچاردىكى ھەربىي قىسىملىرىنى جىددىي

سەپەرۋەر قىلىپ، 11 كېچە ـ كۈندۈز شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىپمۇ بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرالمىغان. ئاخىرىدا، ئوق ـ دورىلىرى تۈگەپ كەتكەن ئىنقىلابچىلار ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆمۈش ۋە بالغۇنتاي تاغ يوللىرى ئارقىلىق غەربىي شىمالغا چېكىنىپ، شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيىسى قىسمى ئەمەلىي تىزگىنلەپ تۇرغان ئازات جايلارغا سالامەت يېتىپ بارغان. بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەن ئەخمەتجان قاسىمى ئابدۇراخماننى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ مەيدىسىگە غېنى باتۇر ۋە سوپاخۇنغا تەقدىم قىلىنغان باھادىرلىق ئۈچۈن قەھرىمانلىق مېدالىنى ئاسقان. شۇنداق قىلىپ، سانى ئۆزىدىن يۈز ھەسسە كۆپ دۈشمەننىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىنى بىتچىت قىلغان 36 ياشلىق بۇ قەيسەر يىگىت مايتاغدىن بورتالاغىچە بولغان جايلاردا قەھرىمانلىق داستانى يازغان سوپاخۇندىن كېيىنكى يەنە بىر قەھرىمانلىق داستانىنى يازغان. ئۇ غۇلجىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، ئەخمەتجان قاسىمى قۇرۇپ چىققان سىياسىي تەشكىلات «ئىتتىپاق» تا مۇھىم خىزمەتلەردە بولغان.

كېيىنچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي تەقدىرى ۋە سىياسىي ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، 1949 ـ يىلى 25 ـ ئاۋغۇست، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەلەر سىرلىق غايىپ بولغان. ئارقىدىنلا، شۇ يىلى 26 ـ سېنتەبىر، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى يەتتە ۋىلايەتنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان گومىنداڭچىلار كومپارتىيەگە تەسلىم بولغان. 10 ـ ئايدا كومپارتىيە خىتايدا يېڭى بىر ھۆكۈمەت قۇرغاندىن كېيىن، شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شەرقىي تۈركىستانغا سەلدەك ئېقىپ كىرىشكە باشلىغان. بۇ ئەھۋاللاردىن قاتتىق ئەپسۇسلانغان ئابدۇراخمان مۇھىتى ئۈچ يىل ئىلگىرى باشلاپ كەلگەن سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە كىنىدىك قېنى تۆكۈلگەن تۇرپانغا قايتىپ كەتكەن. 1950 ـ يىلى ئەتىيازدىن 1951 ـ يىلى كۈزگىچە داۋام قىلغان تۇرپان ـ قومۇل قوزغىلاڭلىرى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئابدۇراخمان مۇھىتى مەزكۇر قوزغىلاڭلارنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئاتامانى دەپ قارىلىپ، قاتتىق نازارەت ۋە تەقىپ ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولغان.

مىلادىيە 1955 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىر ئاتالمىش شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خىتايلار خۇددى 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلارغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئابدۇراخمان مۇھىتى قاتارلىق ئۇيغۇر ئەرباپلىرىنى تۈرمىدىن قويۇپ بەرگىنىدەك، ئابدۇراخمان مۇھىتىغا قارىتىلغان تەقىپ ۋە نازارەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، 1956 ـ يىلى ئۇنى خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، سىياسىي كېڭەش كاتىبى، مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئەزاسى، 1 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىگەن. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئارسلاندەك ياشلىق دەۋرىدە جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە يەتتە يىلغا يېقىن قاتتىق جازالىنىپ تېنى بەكلا ئاجىزلاپ

كەتكەن، قىران دەۋرىدە ئۆز يۇرتىدا قاتتىق تەقىپ ئاستىدا ياشىغان بۇ ئەزىمەتنىڭ يۇرىكى تۇرلۇك بېسىملارغا ۋە تۈرمە ھاياتىدىن قېپقالغان جاراھەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي، 1957 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سوقۇشتىن توختىغان. نەتىجىدە، تۇرپان ئاستانىدە تۇغۇلغان بۇ ئەزىمەت 47 يېشىدا ئۇرۇمچىدە ۋاپات بولغان. ئۇيغۇر خەلقى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇيغۇر مىللىي ئازاتلىق كۈرەشلىرى ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلغان بۇ جەسۇر ئەزىمەتنى، ئۇنىڭ دادىسى مەخسۇت مۇھىتى، تاغىسى مەھمۇت مۇھىتى، موسۇل ھاجى مۇھىتى ۋە گوسۇل مۇھىتىلارنى ھەر ۋاقىت ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىدۇ ۋە ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا
مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2025 -يىلى 3– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 3 – ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە)

3-ئاينىڭ 15-كۈنى

ئامېرىكا تايلاندنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن تايلاند ئەمەلدارلىرىغا ۋىزا جازاسى يۈرگۈزدى

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ماركو رۇبىيو (Marco Rubio) ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە رول ئوينىغان تايلاند ئەمەلدارلىرىغا قارشى ئامېرىكانىڭ جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. ۋاشىڭتون، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم سالىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى مۇناسىۋەتلىك جاكارنامىلىرىدىن بىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئامېرىكا، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىلارنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىش جەھەتتە ھەر قايسى ھۆكۈمەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىشىگە قارشى كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئۇلار خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلسە قىيىن-قىستاققا ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا كۆزدىن غايىپ بولۇپ كېتىش قىسمىتىگە دۇچار بولىدۇ.»

https://apnews.com/article/rubio-sanctions-uyghurs-china-thailand-human-rights-f5f3b7d826da44c927eb467901544c98

3-ئاينىڭ 17-كۈنى

«ھەممىگە ئادالەت تەشكىلاتى» ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىغا بېرىلىدىغان تەمىناتنى توختىتىش قارارىنى تەنقىدلىدى

«ھەممىگە ئادالەت تەشكىلاتى» پرېزىدېنت ترامپنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى قاتارلىق ھۆكۈمەت مەبلىغىگە تايىنىدىغان ئاخبارات ئورگانلىرىغا تەمىنلىنىدىغان مەبلەغنى ئۈزۈش ھادىسىسىنى تەنقىدلىدى. مەزكۇر گۇرۇپپا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەركىن دۇنيادىكى بىردىنبىر ئاۋازى

ھىسابلانغان «ئەركىن ئاسىيا ئۇيغۇر بۆلۈمى»نىڭ خىزمەتتىن توختىشىغا قاتتىق ئېچىنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەركىن ئاسىيا ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ھەممىگە ئادالەت تەشكىلاتى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىغا بېرىلىدىغان تەمىناتنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىنى، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بوغۇلغان ئاۋازىنى ئاڭلىتىشتا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئەركىن ئاسىيا ئۇيغۇر بۆلىمىنىڭ خىزمەتتىن توختىشىنىڭ ئامېرىكا ئۈچۈنمۇ پايدىسىز ھالەت بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

https://www.justiceforall.org/save-uighur/justice-for-alls-save-uyghur-campaign-denounces-radio-free-asia-funding-cuts-calls-for-urgent-action/

3-ئاينىڭ 20-كۈنى

تايلاند دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن ئۇيغۇرلارغا خىتاينىڭ ياخشى قارايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى

تايلاند دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى فۇمسام ۋىچاياچى چارشەنبە كۈنى ئاخبارات ۋاستىلىرىغا ئىپادە بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىنىڭ تۇنجى كۈنىنىڭ ياخشى ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى ئىپادىلىگەن.

تايلاند دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، زىيارەتتىن كېيىن تايلاند باش مىنىستىرى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش قارارىنىڭ تايلاند دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن توغرا قارار بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇ يەنە ئۆزلىرى كۆرۈشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ھەقىقىي ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى، يالغاندىن يول ئالغان ئۇيغۇرلار ئەمەسلىكىنى تىلغا ئالدى. شۇنداقلا، خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزىگە كاپالەت بەرگەنلىكىنى بايان قىلدى.

https://www.nationthailand.com/news/policy/40047645

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

تەيبېي ۋاقىت گېزىتى: تەيۋەن ئەمەلدارلىرى ئاغزىدا ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرمەيمىز دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشنى يوشۇرۇن پىلانلىغان

تەيبېي ۋاقىت گېزىتى يۇقىرىقى ماۋزۇدا ئېلان قىلغان خەۋىرىدە بايان قىلىشىچە، تايلاند ھۆكۈمىتى قىرىق نەپەر ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيلىشىشتىن بىر ئاي ئىلگىرىلا قارار قىلىپ بولغان بولسىمۇ، بۇ پىلاننى تاكى ئۇيغۇرلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ بولغانغا قەدەر بۇ نىيىتىنى مېدىيالاردىن، پارلامېنت ئەزالىرىدىن ۋە تايلاندتىكى مۇسۇلمان يولباشچىلاردىن يوشۇرغان. بۇ سەۋەبلىك، ئۇيغۇر مەھبۇسلار ۋە ئۇلارنىڭ ئادۋوكاتلىرى تايلاندنىڭ قارارىغا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن.

تايلاندنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشى كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتلىرىنى غەزەپلەندۈردى. ئامېرىكا تايلاندنىڭ بۇ قىلمىشىغا جازا سۈپىتىدە بىر قاتار تايلاند ئەمەلدارلىرىغا ۋىزا چەكلىمىسى جازاسى قويدى، ياۋرو ئىتتىپاقى تايلاندنى تەنقىدلەپ باياناتا ئېلان قىلدى.

خەۋەردە دېيىلىشىچە، قىرىق نەپەر ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان تايلاند ئەمەلدارلىرى قايتۇرۇپ بېرىلگەن ئۇيغۇرلارغا خىتاينىڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان. ھەتتا، تولىمۇ نومۇسسىزلىق بىلەن، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا ئۆز رازىلىقى بىلەن قايتىپ كەتكەنلىكىنى تىلغا ئالغان.

https://www.taipeitimes.com/News/feat/archives/2025/03/26/2003834071

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

سۇھاس سۇبرامانيام

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ۋىرجىنىيە ۋەكىلى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىسى، ھۆرمەتلىك سۇھاس سۇبرامانيام ئەپەندىم

ئۇيغۇرلار

The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

قانائەت ھەققى بايلىق، ھەشەمەت پەدازلانغان نامراتلىق.